# كىتاب بوسۇغىسى

بۇ دەرسلىك ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋادى يېڭى چىققان بالىلارنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇش، يېزىش ۋە ئويلاش ئىقتىدارىنى تاۋلاش نىيىتىدە تۈزۈلدى. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنى ئانا تىلىدىكى ھېكمەت، گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش مەقسەت قىلىندى. كىتاپ قىسقا قوشاقلار بىلەن باشلىنىپ تەدرىجى جۈملىلەر ئۇزۇنراق، سۆزلەر مۇرەككەپرەك بولغان نەسرىي ئەسەرلەرگە ئورۇن بېرىلدى.

بالىلارنى تەبىئەت دۇنياسىغا ھەۋەسلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن بولغان ھايۋاناتلار، قۇشلار ۋە تەبىئەت گۈزەللىكلىرىگە ئائىت مەزمۇنلار تاللاپ كىرگۈزۈلدى. تاللانغان ئەسەرلەر ئارقىلىق بىرى بالىلاردا تەبىئەتنى، ھاياتلىقنى ۋە موھىتنى سۆيىدىغان روھ يېتىلدۈرۈشكە كۈچىگەن بولساق، يەنە بىرى بالىلارنى ئانىلارنىڭ پىداكارلىقى، ئاتىلارنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ئائىلىنىڭ بەھوزۇرلۇقىدىن تەسىرلەندۈرۈشكە، ئۇلاردا ياخشىلىققا مۇھەببەت، يامانلىققا نەپرەت ئويغىتىشقا تىرىشتۇق. كىتاپتا باشتىن ئاخىر پاكىزلىك، ئاقىلانىلىك، تىرىشچانلىق، مېھرىبانلىق، سېخىلىق، مېھماندوسلۇق، ۋاپادارلىق قاتارلىق ئۇيغۇرچە خىسلەتلەرنى گۈزەل تىل ۋە يېقىملىق ئوبراز بىلەن بالىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشكە كۈچىدۇق.

كىتاپتا مەدەنىيەت تەربىيەسىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلۇقنىڭ موھىم ئالامەتلىرى بولغان تىل، ئۆرپ-ئادەت ۋە تۈرلۈك مەنىۋىي خىسلەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئەسەرلەرنى تاللىدۇق. مەسىلەن، «ئۇيغۇرغا مېھمان» دېگەن شېئىر ئارقىلىق بالىلارغا مېھماندارچىلىق ھەققىدە ساۋات بېرىلدى. ئۇيغۇر يېمەكلىك مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ نان ھەققىدە بىر قوشاق بېرىلىپ ناننىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئورنى رەسىملەر بىلەن تارتىملىق يورۇتۇلدى. بالىلاردا ئانا تىلنى سۆيىدىغان روھ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىك ئەسەرلەر كىرگۈزۈلدى.

بالىلارنى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقتىن ۋە ئەتىدىن كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈشتىن ئازات قىلىش مەقسىدىدە ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىدىن «قارا قارا قۇشلارىم» ئويۇننى تونۇشتۇردۇق. ئائىلىدە ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر بىللە ئويناشقا ماس كېلىدىغان «بىيت ئېيتىش» ئويۇننى كىرگۈدۇق. بالىلار سىرتتا دوستلىشىپ بىرى بىرى بىلەن ئوينىسۇن، ئۆيدە ئاتا-ئانىسى بىلەن ئوينىسۇن. شۇ پۇرسەتتە تەڭقۇرلىرىدىنمۇ ئۆگەنسۇن ئاتا-ئانىلىرىدىنمۇ ئۈلگە ئالسۇن دېدۇق.

كىتاپنىڭ كۆنۈكمە قىسمى ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارغا قالدۇرۇلدى. سۇئاللار ئاساسەن بالىلار ئۆزى ئىزدىنىپ جاۋابىنى تاپىدىغان ياكى ئاتا-بالا

بىللە ئىزدىنىپ جاۋاب تاپىدىغان قىلىپ تۈزۈلدى. ئاخىرقى بۆلەك ئاتا-ئانىلارغا قالدۇرۇلدى. ئاۋۋال تەۋسىيەلىك ئىككى ئەسەر بېرىلدى. مەقسەت پەرزەنت تەربىيەسىدە ساۋاقلاردىن، بىلىملەردىن بەھرىلىنىش ۋە تەجرىبىلەرنى ئورتاقلىشىشتىن ئىبارەت. «بالىلىق دۇنيانىڭ پاسىبانى بىز» دېگەن ماۋزۇدا بىر قىسىم ئەسەرلەر بېرىلدى. بۇلارنى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارغا ئوقۇپ بېرىشى ۋە مۇجمەل نوقتىلارغا مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىشى ئۈچۈن كىرگۈزدۇق.

دەرسلىككە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئاپتورلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا تىرىشىلغان بولسىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى. شۇڭا بەزى ئەسەرلەرگە ئاپتورنىڭ ئىسمى بېرىلمىدى. بەزى ماۋزۇلاردا مۇۋاپىق ئەسەرلەرنى تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۈزگۈچى ئۆزى يېزىشقا توغرا كەلدى. ئەسەرلىرى ئىسمى بىلەن كىرگۈزۈلگەن ئاپتورلار ئەگەر دەرسلىك نەشىردىن چىققاندىن كېيىن باشقىچە پىكىردە بولسا، قايتا نەشىردە ئۆزرە سوراپ تۈزىتىلىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە مەسلىھەتتە بولغان ئابدۇغەنى قۇتۇبى، مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن باتۇر قاراخان ۋە ئابدۇكەرىم بۇغرا قاتارلىق دوستلىرىمغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا تۆرۈتكە بولغان ۋە مەبلەغ چىقارغان ژورنالىست نەبىجان ئەلاغا رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. دەرسلىكتىكى تېكىستلەرنى تاللاشتا قىزىم مەسئۇدە ھۆكۈم قىلغۇچى بولدى ۋە زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى بەردى. ھەمدە تۈركچىدىن بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ قۇرداشلىرىغا ھەدىيە قىلدى. قىزىمنىڭ ئۇيغۇرچىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئانا تىلنى قوغداشتا تەشەببۇسكار بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# جاھان ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ



## قۇلۇلە



قۇلۇلەيۇ قۇلۇلە،
بېشىڭنى بىر چىقرە.
يامغۇر ياغسا ئۆملە،
ئاپتاپ چىقسا تۆگىلە.

## تۆگە

تۆگە-تۆگە، بۇت-بۇت،
سامان يەمسەن، ئوت-ئوت؟
دۇمبىلىرىڭ دوك-دوك،
مېڭىشلىرىڭ لوك-لوك،
ياڭاقلىرىڭ توك-توك.



# خوراز چىللايدۇ



قۇقۇ قۇق ، قۇقۇ قۇق،
خوراز چىللايدۇ.
ئېيتىڭلارچۇ باللار،
خوراز نىمە دەيدۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، ئورنۇڭدىن
چاپسان تۇر دەيدۇ.
ئۇخلاپ ياتساڭ چۈشكىچە،
نومۇستۇر دەيدۇ.



# كېپىنەك

كېپىنەك، كېپىنەك،
كەلگىن جان دوستۇم.
بۇ گۈزەل باغچامدا،
پەرۋاز قىلغىن شات.

سۇ قويۇپ گۈللەرنى،
ئاينىتاي دائىم.
سەن قونغىن، گۈللەرگە،
بولسۇن باغ ئاۋات.





# يۇلتۇزلارغا سۆز

ئابلېكىم ھەسەن



جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار،
كۆز قىسىشىپ ئۆزىچە.
ئۇلار تۈننىڭ زىننىتى،
بوۋىلارنىڭ سۆزىچە.

ئېيتىڭلارچۇ يۇلتۇزلار ،
مەن دوستلۇققا يارامدىم؟
ھەممىڭلارنىڭ قېشىغا،
مېھمان بولۇپ بارامدىم؟

ساناپ باقسام ئۇلارنىڭ
سانلىرىنىڭ چېكى يوق.
ئاداش بولاي دېسەم مەن،
كۆز قىسىدۇ، گېپى يوق.

# كۆنۈكمە



ئوماق بالىلارغا

1. سىزمۇ قوشاق يازالايسىز. ھايۋانلار ھەققىدە ئۈچ كوپلېت قوشاق قوشۇڭ.



2. قوشاقلارنى سىزىپ چىقىڭ. سىز قوشقان قوشاقتا بار ھايۋانلار بولغان بىر ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىڭ.



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىڭلار ۋە بۇ سۆز بار قوشاقلاردىن بىر كوپلېت يېزىپ كېلىڭلار.



تون
ئاينىتماق
زىننەت
پەرۋاز
دوستلۇق
ئاۋات
نومۇس



______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

4. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە مەنىداش ۋە قارمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى يېزىڭلار.



| | مەنىداش | قارمۇ قارشى |
|---|---|---|
| زىننەت | ______ | ______ |
| تون | ______ | ______ |
| ئاۋات | ______ | ______ |
| نومۇس | ______ | ______ |
| پەرۋاز | ______ | ______ |
| دوستلۇق | ______ | ______ |
| ئاينىتماق | ______ | ______ |

# سۆيۈملۈك ئاتا-ئانىلارغا

بۇ كۆنۈكمىدىكى تەلەپ ۋە ئاتا ئانىلارنىڭ قوشاقلارنى باللارغا يادا ئالغۇزۇشى. باللارغا كۆپرەك قوشاق يادلىتىش ئۇلارغا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىچە خاس رىتىمنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇنىدىن باشقا باللارغا يادىغا ئالغان قوشاقلار ئاساسىدا قوشاق توقۇشنى مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك.

قوشاقلار كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولغاچقا باللارنىڭ هازىر جاۋاپ، سۆزمەن ۋە تېز ئىنكاسلىق بولۇشى ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلىك. شۇڭا دوستلارنىڭ ۋە تۇققانلارنىڭ باللىرىنى تەشكىللەپ قوشاق ئېيتىش مۇسابىقىسى، قوشاقلىق سۇئال ۋە قوشاقلىق جاۋاپ بېرىش كۆرىكى دېگەنگە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكىمۇ بولىدۇ. باللارنىڭ ئارام كۈنلىرىدە ئۆتۈلۈۋاتقان ئۇيغۇر تىلى دەرسىدىن زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن. قوشاقتىكى مەزمۇن ئاساسىدا رەسىم سىزىپ چىقىش ۋە باللارنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى توپلاپ بىرەر ھېيت بايرام ياكى بىرەر خاتىرە كۈنىدە كۆرگەزمە قىلىش، ۋەياكى تۈرلۈك قۇتلۇق كۈنلەردە چوڭراق مۇراسىم شەكلى بىلەن باللار سىزغان رەسىملەردىن بىر ئائىلە ياكى مەھەللە بويىچە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

# دەريا ئانا

روزى سوپى ئۇچتېكىن

تاش ئاتماڭلار دەرياغا،
بالىلىرى يىغلايدۇ.
بارساق يازدا قويىنىغا،
بېلىقلىرى قوغلايدۇ.

چۆچەك ئېيتىپ بەر دېسەك،
شاۋقۇنلىرى توختايدۇ.
كۈن بويى خورەك تارتىپ،
ئويغانمايدۇ، ئۇخلايدۇ.





# تۈتۈن

قاتار قاتار تۇرخۇنلار،
قارغىلاردەك توختاپتۇ.
ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىدە،
ئويغانماستىن ئۇخلاپتۇ.

بەللىرىنى تولغاپتۇ،
كۆك ئاسماننى بۇلغاپتۇ.
ئاپئاق ئاپئاق بۇلۇتلار،
پاتقان لايغا ئوخشاپتۇ.

چۈش كۆرۈپتۇ تەبىئەت،
بالىلارلا قوغداپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ چوڭلارنى،
چاقماق چېقىپ قوغلاپتۇ.



# كۆ نۈكمە



1. «دەريا ئانا» دېگەن قوشاقنى سىزساق مۇندا بولىدۇ:



2. دەريانىڭ خورىكى...ئادەمنىڭ خورىكى...قۇشلارمۇ خورەك تارتامدۇ؟



جاۋاب: ____________________

3. ئادەملەر تاماكا چەكسە سىز بىزار بولىسىز، زاۋۇتلار تاماكا چەكسىچۇ؟ زاۋۇتلار تاماكىنى تۇرخۇنلىرى بىلەن چېكىدۇ، ماشىنىلار مورىسى بىلەن چېكىدۇ، سىز يەنە نېمىلەرنىڭ تاماكا چەككەن رەسىمىنى كۆردىڭىز؟



جاۋاب: ____________________

____________________

4. چاقماق چېقىپ چوڭلارنى قوغلاپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ چاقماق چاقسا ئوت كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟



جاۋاب: ____________________

____________________

5. بۇ بېيتنى داۋاملاشتۇرساق؟

چاقماق قوغلاپ چوڭلارنىڭ،
ئارامنى قويماپتۇ.

______________________

______________________

6. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانا دەريا قايسى؟ نېمە ئۈچۈن ئانا دەريا دەپ ئاتالغان؟ ئانا دەريانىڭ نەدىن باشلىنىپ نەگە قۇيۇلىدىغان ۋە قانچىلىك قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

جاۋاب: ______________________________

______________________________

______________________________

______________________________.

7. ئانا دەريانى خەرىتىدىن تېپىڭ ۋە رەسىمنى سىزىپ چىقىڭ.





# دادام ئاسمان، ئانام ئاپتاپ

ئابدۇۋەلى ئايۇپ





دادام ئاسمان،
ئانام ئاپتاپ.
ھەدەم ئوماق،
يۈرەر تاقلاپ.



بوۋام ئوقار،
نامازنى.
مومام تىڭشار
ئاۋازنى.

مومام كەلسە،
كۆلەر ئاسمان.
غىزا بىلەن،
تولار داسقان.



بوۋام كەلسە
چىقار ئاپتاپ،
كۆلەر كۆزلەر
يانار پارلاپ.

# ئارزۇيۇم

ئۇچ ئارزۇيۇم ئۇچ،
ئاسمانلارغا ئۇچ.
كىتابلار قانات،
دائىم زەپەر قۇچ.

ئۇچ ئارزۇيۇم ئۇچ،
چۆچەكلەرگە ئۇچ.
ئۇخلاپ قالمىغىن،
دىۋە كېلەر دۇچ.



## دادام بالدەك

دادام بالدەك،
ئانام تاتلىق،
ئۇكام كۈلسە،
كېلەر شاتلىق.

دادام كۈلسە،
كۈلەر كۈنلەر.
ئانام كۈلسە،
پۇرار گۈللەر.



# يۇيۇپ يۈرگىن پات پات

قولۇم مېنىڭ ئاپئاق،
يۈزۈم مېنىڭ ئاق.
يۇيۇپ تۇردۇم پات پات،
ئوبدان قاراپ باق.

يۇيۇپ يۈرگىن پات پات
بولمىغىن قاسماق،
سۇ تەگمىسە كۆزۈڭنى،
باسىدۇ چاپاق.





پاكىز بالا، قول يۇماي،
يېمەيدۇ تاماق.
قوللار بولسا پاسكىنا
ئاغرىتار قورساق.

# كۆنۈكمە

ئوماق باللارغا

1.قوشاقلارنى يادىغا ئېلىڭلار. سىز يەنە قانداق قوشاقلارنى بىلىسىز؟ قوشاقلاردىكى ھەر بىر جۈملىنى بىر مىسرا دەيمىز. تۆت مىسرانى بىر كوپلېت دەيمىز. سىز قانچە مىسرا، قانچە كوپلېت قوشاق بىلىسىز؟

جاۋاب: ______________________________

2.دەرسلىكتىكى قوشاقلار ئاتا-ئانا، بوۋا موماللار ھەققىدە يېزىلغان. سىز ئاكا-سىڭىل، ئاكا-ئىنىنى دېگەندەك قېرىنداشلىق ھەققىدە قانداق قوشاقلارنى بىلەمسىز؟

جاۋاب: ______________________________

3.پاسكىنا، پاكىز، چاتاق، قاسماق، زەپەر، ناماز، دۇۋە دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىۋېلىڭ ۋە ھەر بىرىگە ئىككى جۈملە يېزىڭ.

پاسكىنا ______________________________

پاكىز ______________________________

چاتاق ______________________________

قاسماق ______________________________

زەپەر ______________________________

ناماز ______________________________

دۇۋە ______________________________

## سۆيۈملۈك ئاتا-ئانىلارغا

بۇ دەرسلىكتە ئائىلە، ئارزۇ، تازىلىق مەزمۇن قىلىندى. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ مۇھەببەت، غايە ۋە پاكىزلىق يېتىلدۈرۈشنى باشلاش بۇ دەرسنىڭ مەقسىدى. شۇڭا ئاتا ئانىلارنىڭ يۇقارقى ئۈچ مەزمۇن ئاساس قىلىنغان ھېكايە، چۆچەك ۋە مەسىلىلەرنى بالىلارغا سۆزلەپ بېرىشى ئۈمىت قىلىنىدۇ. بالىلارنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەگەر كىتاپلار رەسىملىك بولمىسا (چۈنكى ئۇيغۇرچە كىتاپلارنىڭ رەسىملىكى ئاز) ئۆزىمىز رەسىملىك كىتاپلارغا قاراپ ھېكايە توقۇپ سۆزلەپ بەرسەكمۇ بولىدۇ. مۇشۇ ئۈچ مەزمۇندىكى ھېكايىنى تەكرار سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارغا بۇلارنى سىڭدۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتاپنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن بالىلار ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەسەرلەردىن ۋە «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى»، «يەكشەنبىلىك دوست»، «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى قامۇسى» قاتارلىق كىتاپلاردىن پايدىلىنىشىمۇ تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

# ھايۋانلارنىڭ گەپلىرى



# كاككۇك بىلەن زەينەپكە سوئال



ئابدۇۋەلى ئايۇپ



مېنىڭمۇ دادام بار. مەنمۇ ئۆيدە ئۇنى سىڭلىمدەك «دادا!» دەيمەن، لېكىن ماڭىلا «ھە، بالام» دەپ جاۋاپ چىقمايدۇ. ماڭا يىقىلسام يۆلەيدىغان قول يوق. ئەركىلىتىپ سۆيىدىغان لەۋلەر يوق. توڭلىسام ئاچىدىغان ئىسسىق قويۇن يوق. دادا مېنىڭمۇ دادام، ئەمما قول، قۇچاق ۋە لەۋلەر سىڭلىمغىلا خاس. سىڭلىم ئۇنىڭ ئۆز بالىسى، مەن ئۆگەي.

سىڭلىم تۇغۇلغاندىن باشلاپ قۇلىقىم تىلدىن، بەدەنلىرىم تاياقتىن، بىچارە يۇمىلاق يۈزۈم تەستەكتىن قۇتۇلمىدى. دادام ھەر ئاچچىقلىسا قاچاتتىم يۇ، تۇتۇلۇپ قېلىپ تاياق يەيتتىم. يىغلايتتىم، يامغۇردەك يىغلايتتىم. ئانا، دادا دەپ ھۆكىرەپ يىغلايتتىم. ئۇلار كەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلار مېنى خەققە بەرگەن ئەمەسمۇ! ئاڭلىسام ئۇلار يىراقلارغا كېتىپتۇ. ئادەم بولۇپ تۇغۇلماي، قوش بولۇپ تۇغۇلغان بولسام ھە! مېنى باقماي، تۇغۇپلا باشقىلارنىڭ سوغۇق قويىنىغا تاشلاپ كەتكەن

مەن ھەممە نەرسىدىن قورقىمەن. ئەتراپىم مۇزدەك سوغۇق، سەت كۆرۈنىدۇ. كۆز ئالدىمدا ھەممە ئادەمنىڭ چىرايى تامدەك. ھەممە كۆزلەر ماڭا ئالىيىدۇ. ھەممە سۆز «بېقۋالدى، ئاسراندى!» دېگەندەك ئاڭلىنىدۇ. ئەتراپىمدىكى ھەممە باللار كۆزۈمگە مەندىن چىرايلىق، چوڭ، قاۋۇل كۆرۈنىدۇ. دۇنيادا مەنلا ئەڭ ئورۇق، ئەڭ قورۇق، ئەڭ سەت. مەھەللىمىزدە ئوينىغىدەك، كۆرگىدەك ھەممە نەرسە خەقنىڭ. قارىغاندا ئاتا-ئانىسى يوق يەردە نەرسىلەر داۋاملىق خەقنىڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ.

دادام مېنى تىللايدۇ ،ئۇرىدۇ، ئۆيدىن ھەيدىۋېتىدۇ. ئۆگزىگە چىقىپ كونا سامانلىقتا دەرتلىرىمنى كۆزۈمدىن ئالىمەن. ياشلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يۇيۇپ يىغلايمەن، بۇ ئۆيدە مەنلا يىغلايمەن. دادام يوق، ئانام يوق دەپ يىغلايمەن. ئانا سەن زادى بارمۇ؟ دادا سەن قەيەرگە كەتتىڭ؟ مەن نېمىشقا سىلەردەك باقمايدىغان، يېتىلەپ بازارغا ئاپارمايدىغان، ئەركىلىتىپ پىشانەمگە سۆيمەيدىغان ئادەملەرنىڭ بالىسى بولۇپ قالدىم؟ قۇلۇمدا ئۇيۇنچۇق، مارۇژنا، شاكىلات بار، ئەمما ماڭا كېرىكى، بازاردىكى نەرسىلەر، كىيىدىغان چىرايلىق كىيىملەر، ئوينايدىغان ياخشى ئۇيۇنچۇقلار ئەمەس. بەلكى، قۇشۇمىسىنى تۇرمەي، قۇلۇمنى سىلكىۋەتمەي، ھېچ نەرسە ئېلىپ بەرمىسىمۇ يېتىلەپ ماڭىدىغان دادام، ئانام.



چوڭلارنىڭ دېيىشىچە كاككۇكمۇ بالىسىنى ئۆزى باقماي باشقا قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپ قاچارمىش. ئادەملەر ئۆز بالىسىنى باشقىلارغا بېرىشنى كاككۇكتىن ئۆگەنگەن ئوخشايدۇ. شۇڭا كاككۇكتىن يىغلاپ تۇرۇپ سورىدىم.

- ھەي كاككۇك، سەن نىمانچە تاش يۈرەك! نېمىشقا يۈرەك پارەڭنى باشقا قۇشلارنىڭ تىكەنلىك، سوغۇق ئۇۋىسىغا تاشلاپ قويىسەن؟سەندە يۈرەك يوقمۇ؟ بەلكىم يوققۇ دەيمەن. چوڭ ئانامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، سېنىڭ ئىسمىڭ زەينەپمىش. بىر كۈنى كاككۇكقا بىر تال ئۈزۈم ئېلىپ يانغان ئىكەنسەن. كۆلگە قارىساڭ قولۇڭدىكى ئۈزۈم ئىككى كۆرۈنۈپ، بىرنى يىدىم دەپ ئۈزۈمنى يوق قىپسەن، شۇنىڭ بىلەن كاككۇك رەنجىپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن سەن دائىم ئۇنى ئىزدەپ «كاككۇك، كاكۇك» دەپ چاقىرارمىشسەن. كاككۇك يېقىنلا يەردە بار ئىكەن، لېكىن ساڭا كۆرۈنمەيدىكەن.



زەينەپ ئانا، سەن كاككۇكنى تاپالماي قېيداپ، ئاچچىقلاپ بالىلىرىڭنى قاغىلارنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ بەردىڭمۇ؟ سەن نىمانداق ئەسكى! بالاڭنى كۆرمەي قانداق چىدىدىڭ؟ كاككۇك سېنى تاشلاپ كەتسە، سەن بالاڭنى خەقنىڭ ئۇۋىسىغا قويۇپ كەتسەڭ بولامدۇ؟ ئەي زەينەپ ئانا، ئەگەر دادام كاككۇكنى دورىمىغان بولسا، ئانام سېنى دوراپ بالىسىنى تاشلاپ كەتمىگەن بولاتتى، شۇنداقمۇ؟ دادام كاككۇكنى، ئانام زەينەپنى دورىسا مەن چوڭ بولغاندا كىمنى دورايمەن؟

www.uyghurkitap

# كۆنۈكمە

ئوماق بالىلارغا

1. ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ خۇيىنى دورىسا بولامدۇ؟ مەسەللەردە دائىم قايسى ھايۋانلار كۆپ، ئادەتتە قايسى ھايۋانلار دائىم يالغان سۆزلەيدۇ؟ سىزچە تۈلكە ھېلىگەرمۇ؟ يولۋاس باتۇرمۇ؟ ئادەملەر قايسىنى كۆپ دورايدۇ؟

جاۋاب:______________________________________________________

______________________________________________________

______________________________________________________

______________________________________________________.

2. بالىنىڭ دادىسى كاككۇكنى، ئانىسى زەينەپنى دورىسا بۇ بالا كىمنى دورايدۇ؟

جاۋاب:______________________________________________________

______________________________________________________

3. ھېكايە ئىچىدىن بىلمەيدىغان سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ.

4. سىز كىمنى دورايسىز؟

جاۋاب: ______________________________________________________

______________________________________________.

# سۆيۈملۈك ئاتا-ئانىلارغا

بۇ تېكىست ئاساسىدا بالىلارنى مۇلاھىزىگە ئۇيۇشتۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىن سورايدىغان قانداق سوئاللىرى بارلىقىنى سورايمىز. بالىلارغا ھايۋاناتلار ھەققىدە بىر قانچە چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ مۇلاھىزە جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نوقتىلار ئاساسىدا خۇيلىرى ئادەمگە ئوخشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ چىقىمىز ۋە بالىلارغا شۇ خىل ھايۋانلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ كېلىشكە تاپشۇرۇق بېرىمىز.



# ئانا كىرپە

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بالىلىق چاغلىرىم ئىدى. يىراق سەھرادىكى تۇققىنىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردۇق. شۇ كۈنى تاۋۇزلۇقتا بىر كىرپە بالىسىنى تۇتۇۋالدۇق. بىر نەۋرە ئاكام ئۇنى تور خالتىغا سېلىپ ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە ئېسىپ قويدى. نېمىشقا ئۇنداق قىلدىغاندۇ دەپ سورىسام ئۇ «كىرپە بەك يامان، يەرنى تېشىپ قېچىپ كېتىدۇ. خالتىغا سېلىپ قويساق قاچالمايدۇ.« دىدى. مېنىڭ تۈگۈلىۋالغان بۇ كىرپە بالىسىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىدى-دە «قويۇۋېتەيلى ، ئۇ تېخى كىچىك ئىكەن،» دېدىم. «راست دەيسەن كىچىك بولغاچقا خالتىغا سېلىپ قويدۇم. كەچتە ئانىسى كېلىدۇ، ئۇنى تۇتۇۋالساق تونۇرغا كۆمۈپ يەيمىز، بەك مېزىلىك !» نەۋرە ئاكام گويا كىرپە گۆشىنى يەۋاتقاندەك بىر ئىپادىدە ماڭا قارىدى. ئەمما مېنىڭ شۇ تاپتا كىرپە بالىسىنى قاچۇرۇۋېتىش خىيالىم بارلىقىنى بىلمەيتى. شۇ كۈنى بىر چۈشتىن كېيىن كىرپە بالىسىغا قاراپ ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە. ئەمما نەۋرە ئاكامدىن قورقۇپ ئۇنى قاچۇرۇۋېتەلمىگەن ئىدىم .مانا قاراڭغۇ چۈشتى، نەۋرە ئاكام مېنى ئاستا نوقۇدى، «يۈرە كىرپىنىڭ ئانىسىنى تۇتۇپ كېلىمىز».



«ئانىسىنى تۇتۇۋالساڭ ، بالىسىنى قويۇپ بېرەمسەن؟» دېدىم. نەۋرە ئاكام ئېرەنسىزلىك بىلەن جاۋاپ بەردى « ياق، ئىككىسىنى بىللە تونۇرغا كومۇپ يەيمىز!» كۆزلىرىمدىن مۆللىدە ياش تامچىدى، «ياق، بولدى قىلغىن، كىرپىنى قويۇۋېتەيلى!»، نەۋرە ئاكام ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى: «راست شەھەرلىك - تە سەن!»

گويا بىرسى بوينىمدىن باغلاپ سۆرىگەندەك نەۋرە ئاكامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ھېلىقى كىرپە بالىسى تېخىچە ئېسىغلىق تۇراتتى، ئەمما ئۇ ئەمدى بېشىنى چىقىرىۋالغان بولۇپ غەلىتە ئاۋازدا چىقىراۋاتاتتى، نەۋرە ئاكام مېنى جىملىدى: «شۈك، ئۇ ئانىسىنى چاقىرىۋېتىپتۇ، ئانىسىمۇ چوقۇم يېقىنلا جايدا.» نەۋرە ئاكام ئىككىمىز پاقا يوپۇرماقلىرى ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ جىممىدە ئولتۇراتتۇق. تووۋا راستىلا مۆجىزە يۈز بەردى، يوغان بىر كىرپە دەرەخ يېنىدا تۇراتتى، نەۋرە ئاكام دەرەختىكى كىرپە بالىسىنى ئاستا پەسكە چۈشۈردى.



ئۇ بىر ئۇچى خالتىغا باغلانغان ئاغامچىنى بوشۇتۇۋاتاتتى. مانا كىرپە بالىسى سولانغان تور خالتا يەرگە چۈشتى. كىرپە بالىسى خالتا ئىچىدە تىپىرلايتتى ئانىسى تومشۇقلىرى بىلەن خالتا ئىچىدىكى بالىسىنى ھىدلاۋاتاتتى، بۇ چاغدا نەۋرە ئاكام قىسماق يىپىنى تۇتقان يەنە بىر قولىنى سىلكىدى. داراڭشىغان ئاۋاز بىلەن داس كۆمتۈرۈلۈپ، كىرپە داس ئاستىدا قالدى .

شۇ تاپ يۈرۈكۈم قاتتىق سىلىپ كەتتى. نەۋرە ئاكام بىرىپ داسنى كۆتەردى. داس ئاستىدىكى يوغان كىرپە بالىسىنى ھىدلىغىنىچە جىممىدە تۇراتتى. ئۇ تىكىنىنى ئۆرۈپ تۈگۈلىۋالمىغان بەلكى تومشۇغىنى تور خالتىغا پاتۇرغىنىچە تۇراتتى!

-كۆردۇڭمۇ ، ئادەتتە كىرپىلەر تىكىنىنى سىرقا ئۆرۈپ توپتەك تۈگۈلىۋالاتتى، لېكىن بۇ كىرپە بالىسىنى قۇتقۇزىمەن دەپ ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ، دىدى. «بىلدىم...» دىدىم، ئەمما سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. بۇرنۇم ئېچىشىپ، ئاۋازىم بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

نەۋرە ئاكام ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، تور خالتىنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ ئانا-بالا كىرپىنى قويۇۋەتتىم.

نەۋرە ئاكامنىڭ قاتتىق ئاچچىغى كېلىدىغىنىنى بىلەتتىم ، ئەمما شۇ كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىدىم .





# كۆنۈكمە

## ئوماق باللارغا

1. سىزچە «مەن» نىڭ ئاكسى يەنە كىرپە تۇتارمۇ؟ ئەگەر سىز بولسىڭىز كىرپىنى قانداق قىلاتتىڭىز؟
جاۋاب: ________________________________
________________________________________.

2. سەھرادىكى بالا بىلەن شەھەردىن كەلگەن بالا ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟
جاۋاب: ________________________________
________________________________________
_.

3. سىزچە مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كىرپىنى قاچۇرۇشتىن باشقا يەنە قانداق چارە بار؟
جاۋاب: ________________________________
________________________________________
________________________________________.

4. بۇ ئەسەردىن سىز ئۇقالمىغان، ئاتا-ئانىڭىز چۈشەندۈرۈپ قويغان سۆزلەر قايسى؟
جاۋاب: ________________________________
________________________________________
________________________________________
________________________________________.

# سۆيۈملۈك ئاتا-ئانىلارغا

1. بالىلارغا شەيئىلەرنى كۆزىتىشنى ۋە بايان قىلىشنى ئۆگىتىش. ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن بالىلاردىن كىرپە قانداق هايۋان، قەيەرلەردە ياشايدۇ، قانداق ئۇۋا ياسايدۇ، قانداق ئەۋلات قالدۇرىدۇ، كۈشەندىلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرىدۇ... دېگەن سوئاللارنى سوراپ ئۇلارغا شەيئىلەرنى كۆزىتىش ۋە بايان قىلىش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشنى، مەنبەسى ۋە ئالاهىدىلىكى هەققىدە ئويلىنىشنى ئويلىغانلىرىنى ئېغىزچە بايان قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

2. تەنقىدىي تەپەككۇر مەشقى. بالىلارنى هەر خىل نوقتىلاردىن چىقىپ ئويلاشقا كۆندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، بالىمىز تېكىستتىكى كىرپىنى قويۇۋېتىشنى توغرا دېگەن بولسا، كىرپىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشى ۋە زىرائەتلەرگە زىيان سېلىشى مەسىلىسىنىمۇ ئويلىنىشقا يېتەكلەش كېرەك.

# زالىم پىل

بەك قەدىمكى زاماندا، تاغ باغرىدا ئورماندا. ياشاركەن پىل مەنمەن دەپ، ھەممىنى بىلەرمەن دەپ. باشقا جانىۋ-جانىۋارنى، ئىلمايدىكەن كۆزىگە. كىرمەيدىكەن ئۇلارنىڭ، مەسلىھەتى- سۆزىگە. بوي بەستىگە ئىشىنىپ، مەغرۇرلىنىپ يۈرەركەن. نەگە بارسا ھۆركىرەپ، دەۋرىۋ- دەۋران سۈرەركەن. قورساقلىرى گۈمبەزدەك، لېكىن ئىچى تار ئىكەن. ئادالەتسىز ئىشىدىن، پاقا - پاشا زار ئىكەن.

ياز كۈنلەرىنىڭ بىرىدە، چۈمۈلە تام تۈۋىدە. ياتسا كۈنگە قاقلىنىپ، پىل كېلىپتۇ زارلىنىپ: - سەن كۈشەندە دائىما، تۆت بۇلۇڭغا چاپسەن! كىرىۋېلىپ بۇرنۇمغا، قىمىرلايسەن، چاقسەن! ئورا كولاپ بىلجىرلاپ، دائىم توپا قازىسەن. توسۇۋېلىپ يولۇمنى، ماڭا چالما ئاتىسەن... مەن بىلمەن قەستىڭنى، قۇرۇتقايمەن نەسلىڭنى. مەن جاھاندا زادى كىم؟ كۆرۈپ قويغىن بەستىمنى، - دەپ ۋارقىراپ پىل شۇئان، خارتۇمنى سوزۇپتۇ. گۈلە-خەسلىك ئۇۋىغا، شىددەت بىلەن ئۇرۇپتۇ. ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ، چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى. ئۆلۈپ قاپتۇ بىگۇناھ ، قاقشاپ تەڭدىن تولىسى.





- ئـەي پاشجان، پاشجان! سۆزلىرىمگە قۇلاق سال. يوقاپ كەتتى ئادالەت، بىسىپ كەلدى پىل ئاپەت. زالىم پىلنىڭ قولىدا، تىرىك ياشاش يولىدا، ئەجەپ بولدۇق، خار بولدۇق. ئەركىن نەپەس ئالماققا، تەشنا بولدۇق، زار بولدۇق. بىز ئىككىمىز بىرلىشىپ، باتۇرلارچە ئېلىشىپ، قۇتۇلايلى پىل سالغان، بۇ رەھىمسىز زۇلۇمدىن. قورۇقمايلى بۇ يولدا، جان بەرمەكتىن ئۆلۈمدىن.

هەيران بولۇپ پاشجان، پاقىنىڭ گەپ - سۆزىگە. تۇرۇپ قاپتۇ بىر مىنۇت، ئىشىنەلمەي ئۆزىگە.

دەپتۇ پاقا: - پاشجان، ئۆزۈڭنى سەل چاغلىما. نەشتىرىڭدۇر قورالىڭ، دات باستۇرۇپ ساقلىما. تەلۋە پىلنىڭ كۆزىگە، نەشتىرىڭنى ئۇرسەن. ئاندىن نۆۋەت مېنىڭكى، كارامەتنى كۆرسەن.

مەدەت قىلىپ پاشىغا، پاقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۈك - باراقسان ئورماننى، زىلزىلىگە سېلىپتۇ.

كەچ كۈزنىڭ بىر ئاخشىمى، پىل سەيلىگە چىقىپتۇ. كەڭ دالانى ئايلىنىپ، هۇزۇرلىنىپ يېتىپتۇ. پەملەپ تۇرۇپ پاشجان، پىل كۆزىنى چېقىپتۇ. پىلنى باپلاپ بولۇپلا، ۋىڭىلداپتۇ، قېچىپتۇ.



پىلنىڭ كۆزى قىملداپ، ھېچ نەرسىنى كۆرمەپتۇ. چىدىيالماي ئاخىرىدا ئۆزىنى دەرەخلەرگە سۈركەپتۇ. سانجىلىپتۇ كۆزىگە، دەل - دەرەخلەر تىكىنى. پىل بولۇپتۇ بىئارام، كۆتۈرەلمەي بېشىنى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ، پىلمۇ قاقشاپ يۈرۈپتۇ. چۋُن چىچىپ كۆزلىرى، قان - يىرىڭغا تولۇپتۇ. كور بولۇپتۇ پىلباينىڭ، قۇرت يېگەن كۆزلىرى. كارغا كەلمەس بولۇپتۇ، ئۇنىڭ پەرمان - سۆزلىرى.

قىينىلىپتۇ پىل راسا، كۆل بويىغا بارالماي. چىرقىراپتۇ بىردىنلا، ئۇسسۇزلۇقتا چىدالماي. پاقا كۆرۈپ شاھ پىلنىڭ، ئېچىنىشلىق ھالىنى، دەرھال ئىشنى باشلاپتۇ، تىڭشىماستىن زارىنى. توختىماستىن كۇرۇلداپ، پاقا ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئەگىشىپتۇ ئەما پىل، سۇ ئىزدەپتۇ، مېڭىپتۇ. پاقا سەكرەپ بىر ھاڭنىڭ، يان باغرىغا مۆكۈپتۇ. سۇ ئىچىدە تۇرغاندەك، قاقاھلاپتۇ، كۈلۈپتۇ. ‹‹كۆل بويىغا كەلدىم›› دەپ، پىلمۇ يايراپ كېتىپتۇ. ئوڭ پۈتىنى سوزۇپلا، ھاڭغا موللاق ئېتىپتۇ.







# كۆنۈكمە

1.بۇ چۆچەكنى قوشاققا ئوخشاش تۆت مسراغا ئايرپ يېزپ چقڭلار. هەر تۆت مسرانى بر كوپلېت دېسەك، قانچە كوپلېت بولدغانلقنى ئېيتپ بېرڭلار (مسرالار ئايرم قەغەزگە يېزلسۇن).

جاۋاب: ______________________________.

2. بۇ چۆچەكتكى پاشا، چۈمۈلە ۋە پاقانڭ قانداق قلپ پلنى يەڭگەنلكنى ئۆز تلڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرڭلار.

جاۋاب: ______________________________

______________________________

______________________________

______________________________.

3. «ئش ئۆملۈكتە، كۈچ برلكتە» دېگەن ماقالنڭ مەنسى نېمە؟ بۇ ماقالنڭ مەزمۇنى چۆچەككە ئۈيغۇن كېلەمدۇ؟

جاۋاب: ______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________



4. پىل نىمشقا مەنمەنچى، زالىم ؟ سىزچە پىلدەك خۇيدىكى ئادەملەر كۆپمۇ؟ سىز ئۇلارغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ______________________________________________

______________________________________________

______________________________________.

5. تۆۋەندىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟ بۇ سۆزلەر كەلگەن جۈملىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ.

جانۇ-جانۋار: ____________ دەرۋۇ-دەۋران: ____________

بويى-بەستى: ____________ گۈلە-خەس: ____________

سۆز-پەرمان: ____________

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ چىقىڭلار.

مەنمەنچى: ____________ مەسلىھەت: ____________

ئادالەت: ____________ كۈشەندە: ____________ قەست:

____________ نەسىل: ____________ شۈئان: ____________

شىددەت: ____________ ۋايران: ____________ بىگۇناھ:

____________ ئاپەت: ____________ زالىم: ____________

رەھىمسىز: ____________ زۇلۇم: ____________ نەشتەر:

____________ دات باسماق: ____________ تەلۋە:

____________ كارامەت: ____________ مەدەت: ____________

زىلزىلىگە سالماق: ____________ باپلىماق: ____________

ئەما: ____________ ھاڭ: ____________ زار: ____________

موللاق: ____________





# بېلىق بىلەن تۆلكە

بىر كۆلدە نۇرغۇن بېلىقلار ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆلنىڭ سۈيى تۈگەپ بېلىقلار ياشاشقا ئامالسىز قاپتۇ. كۆل بويىغا سۇ ئىچكىلى كەلگەن بىر تۈلكە بىر بېلىقنى لايدا پىلتىڭلاپ ياتقاندا كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى يېيىش ئۈچۈن كۆلگە كىرىپتۇ، بۇنىڭدىن قورققان بېلىق تېخىمۇ كۈچەپ پىلتىڭلاشقا باشلاپتۇ.

تۈلكە يېقىنلاشقاندا بېلىق دەرھال ھۇشىنى يىغىپ، تۈلكىگە: - ئەي، تۈلكە ئاكا، مېنى يەمسەن؟ - دەپتۇ.

تۈلكە مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ: - ئۇكام، يېمىسەم بولمىدى، چۈنكى قورسىقىم ئېچىپ كولدۇرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن سۇسىز پىلتىڭلاپ بەك قىينىلىپسەن، ئازاپتىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن سېنى يەپ، قارنىمدا ئارام تاپسۇن دېدىدىم. سېنى يېمىگەن بىلەن سۇ تۈگەپتۇ، سەن ھامان ئۆلۈپ كېتىسەن، - دەپتۇ.



- بوپتۇ، يېسەڭمۇ يېگىن، بىراق بۇ لاي پېتىم يېسەڭ قورسىقىڭ ئاغرىپ قالىدۇ، شۇڭا سۇدا پاكىز يۇيۇپ يېگىن، - دەپتۇ بېلىق.

تۈلكە بۇ سۆزنى ئورۇنلۇق ھېس قىپتۇ - دە، بېلىقنى يۇيۇپ يېيىش ئۈچۈن بىر دەرياغا ئەكەپتۇ.

بېلىق بەدىنى سۇغا تېگىشى بىلەنلا ، قاتتىق بىرنى پىلتىڭلاپتۇ، قاناتلىرى تۈلكىنىڭ كۆزىگە تېگىپ ئوت چىقىرىۋېتىپتۇ، بۇنىڭغا چىدىيالمىغان تۈلكە: - ۋاي! - دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ چاغدا بېلىق تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن ئاجراپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاچچىقىغا پايلىمىغان تۈلكە سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ بېلىقنى تۇتۇۋېلىپ راسا چايناپ يېۋەتكۈسى كەپتۇ. بىراق سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېتىپ قاپتۇ.



# كۆنۈكمە



1.بېلىقلار نېمىشقا سۇسىز قاپتۇ؟ سىز كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغانمۇ؟ كۆللەر قۇرۇپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ كۆللەر قۇرىسا ئەڭ كۆپ زىيانغا ئۇچرايدىغان كىملەر؟ تارىم دەرياسىنىڭ قۇيۇلىدىغان يېرى بولغان لوپنۇر كۆلى قاچان قۇرۇپ كەتكەن؟ ئۇيغۇر دىيارىدا قۇرۇپ كەتكەن يەنە قانداق كۆللەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب:______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________.

2. كۆللەر قۇرۇپ كەتسە دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە رەسىم سىزىپ، ئاستىغا كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان ئاقىۋەتلەرنى تىزىپ چىقىڭ.



3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭ، مەنداش سۆزلەرنى جۈپلەڭ ۋە ماس سۆزلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇڭ.



| | |
|---|---|
| تاپماق | ھۇش |
| يىغماق | مۇغەمبەر |
| تارتماق | قېرىن |
| تويماق | ئارام |
| ئالماق | پاكىز |
| تۇتماق | ئورۇنلۇق |
| ھېس قىلماق | پايلىماق |
| چىدىماق | راسا |
| ئاچماق | ئازاپ |



# ئاداش ـ ئاداش بولايلى



# قارا – قارا قۇشلارىم ئويۇنى

قارا – قارا قۇشلارىم ئويۇنى ئۇيغۇر قىز – ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، مەزمۇنغا باي ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەممە پەسىلدە ئوينىلىدۇ.
بۇ ئويۇننى ئويناشتا، باللار پاكىزە، ئازادە مەيدانلارغا توپلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن چوڭراق ئىككى بالىنى ئاساسلىق رول ئالغۇچى قىلىپ سايلايدۇ. بۇ ئىككى بالىنىڭ بىرى ‹‹ئانا›› بولۇپ قالغان باللارنى بويسىرا سەپكە تىزىدۇ. ‹‹ئانا›› باللارغا سەپنى بۇزغۇچىلارنى ‹‹يامان ئاقىۋەت››تىن ئەسكەرتىدۇ. سەپنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن باللار ‹‹ئانا››غا بويسۇنىدۇ. ئانا سەپنىڭ بىشىدا تۇرىدۇ. يەنە بىر بالا ‹‹ئانا›› باشلىغان سەپنى بۇزۇپ، «قۇشلا»نى ئالغۇچى ‹‹رەقىب›› سۈپىتىدە قاتار بېشىدىكى ‹‹ئانا›› بىلەن قارشىلىشىدۇ.



ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ‹‹ئانا›› «بالا»لارنى بىر بىرىگە مەھكەم ئېسىلىپ رەقىبىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىققا ئۈندەيدۇ. ئانا ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە ئېچىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ‹‹ئانا›› بىلەن ‹‹رەقىب›› ئوتتۇرىسىدا قوشاق ئېيتىشىش باشلىنىدۇ.

رەقىب: قارا – قارا قۇشلارىم، ئارقاڭدىكى نېمەرىڭ؟

رەقىب: قارا – قارا قۇشلارىم، ئارقاڭدىكى نېمەرىڭ؟

ئانا: ئۇششاق – ئۇششاق باللارىم

رەقىب: ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟

ئانا: كۈچۈك يەتسە ئالساڭچۇ

رەقىب: كۈچۈم نەگە كېتىپتۇ؟

ئانا: ئالا تاغقا كېتىپتۇ

رەقىب: ئالا تاغدا نېمە بار؟

ئانا: ئالا يېشىل قۇشلار بار

رەقىب: ئۇنداق بولسا بارايچۇ، قۇشتىن بىرنى تۇتايچۇ.



# ئوماق باللارغا

1.بۇ ئويۇننى ئويناپ بېقىڭلار.

2. ئاتا - ئاناڭلاردىن كىچىك چاغلىرىدا قانداق ئويۇنلارنى ئوينىغانلىقى ھەققىدە سوراپ بېقىڭلار.

3. ئاتا - ئاناڭلار ئوينىغان ئويۇننىڭ رەسىمىنى سىزىپ كۆرسىتىڭلار.



4. ئاتا ـ ئاناڭلاردىن قوشاقلار بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇندىن ئىككىنى سوراپ، ئويۇندىكى قوشاقلارنى يادىلاپ ئېلىڭلار.

# تېپىشماقلار

يۇمۇلاق شوخ بېلىقىم،
يەردە سەكرەر دىڭىلداپ.
تورغا سالسام شۇ هامان،
تېشىپ قاچار پىڭىلداپ؟
جاۋابى: _____

يا سودىگەر ساتمايدۇ،
يا خېرىدار ئالمايدۇ،
كەچ بولغاندا، هارغاندا،
لازىم بولماي قالمايدۇ؟
جاۋابى: _____

يېغى يوق ياندۇ،
جېنى يوق ماڭىدۇ؟
جاۋابى: _____

يۇچۇقى يوق ئاپئاق توپ،
ئىچىدە كۆل سۈپسۈزۈك.
ئۈزۈپ، لەيلەپ يۈرىدۇ،
سېرىقىنا بىر ئۆرۈك؟
جاۋابى: _____





# كۆنۈكمە



1. بۇ تېپىشماقلارنى تاپالالىدىڭىزمۇ؟ سىز قانداق تېپىشماقلارنى بىلىسىز؟

جاۋاب:________________________________.

2. «خېرىدار»، «سودىگەر» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغانمۇ سىز؟ تېپىشماقتا بۇ ئىككى سۆزنى «ئالارمەن»، «ساتارمەن» دېسىمۇ بولامدۇ؟

جاۋاب:________________________________.

3. «سېرىققىنا»، «قىزىلغىنا»، «كۆككىنە»، «ئاققىنا» دېگەن سۆزلەرنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ يەنە قانداق سۆزلەرنى «سېرىق+قىنا» غا ئوخشاش قائىدە بويىچە ياسىغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب:________________________________.

4. سىزمۇ تېپىشماق يازالايسىز. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭ ۋە سىزمۇ بىر تېپىشماق يېزىڭ.

كۆرەلمەيسىز ئۆزىنى،
تۇتالمايسىز قولىنى،
تونالمايسىز دەستىدىن،
يولىنىڭ ئوڭى سولىنى.

سۇندۇردۇ بەزىدە.
يوغان يوغان دەرەخنى.
چىقىپ كەلسە تۇرالماس
بىلەمسىز ئۇ «ئەبلەخ»نى.





# قۇشلار دۇنياسى

ئۇيغۇر كىتاب تور www.uyghurkitap

# ئۇيغۇرسىز قۇشلار

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

دېڭىزدىن ئۇزاق، بۇلۇتتىن يىراق بىر يەر بار ئىكەن. ئېگىز يەرلەر تاغ ئىكەن، ئويمان يەرلەر باغ ئىكەن. ئىسمى نېمە ئىكەن دەمسىلەر؟ ئۇيغۇر ئىكەن. ئۇيغۇر ئاتلىق بۇ يەردە تۈمەن مىڭ خىل ئۇچار قانات ياشار ئىكەن. توپ توپ قۇشلار ھەر يەردىن كېلىپ ئۇيغۇردا ئۇيۇشار ئىكەن، بىر بىرى بىلەن تونۇشار ئىكەن. بۇ يەردە كىشىلەر قۇشلارغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇلار كۆلكە، تەلەي، كېلەچەك ۋە غەلىبەلەرنى قۇش دەيدىكەن. ياخشىلىق بىلەن تولغان جەننەتنى ئۇچماق دەيدىكەن. ئۇلارچە پۈتۈن ياخشى نەرسىلەر كۆكتە ئۇچۇپ يۈرەرمىش. شۇڭا تەلىيى كەلگەن ئادەمنى، بېشىغا تەلەي قونۇپتۇ دەيدىكەن. قۇش نەگە قونسا شۇ يەردە چوقۇم ياخشىلىق بار دەپ ئويلار ئىكەن.



قۇش كىمگە ئامراق بولسا شۇ كىشىنى ياخشى دەيدىكەن. ئۆيلەرگە قارلىغاچ ئۇۋا سالسا سۆيگۈ قونغان بولىدىكەن، سېغىزخان شاراقشىسا «خۇش خەۋەر بار، مېھمان كېلىدۇ»، دەپ سۆيۈنەر ئىكەن.

ئۇيغۇردا ھەر يەر باغ ئىكەن. باغلارغا قۇشلار يار ئىكەن. باغلىق ئۆيلەر مەشرەپ بىلەن مول ئىكەن. باغسىز ئۆيلەر ئادەم كەلمەس چۆل ئىكەن. شۇڭا بۇ يەردە كىشلەر باغقا ئامراق ئىكەن. باغلاردا قۇش بولسا قۇت بار دەپ قارايدىكەن. يازدا كىشىلەر قۇشلار بىلەن ئويغۇنۇپ، باغلاردا تەڭ سايرار ئىكەن. دۇتتار، تەمبۇر چالار ئىكەن. قۇشلارمۇ تەككەش قىلار ئىكەن. بەزەن بۇلبۇللار مەست بولۇپ تەمبۇرلارغا قونار ئىكەن. باغۋەنلەر قۇشلار ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ، مۆشلەرگە دورا چاچماس ئىكەن. كۆكتات، ئېتىزلارغا قوشلار قونسا، «يىسە خۇدايىم بۇيرىغان رىسقىنى يەيدۇ!» دەپ قوغلىماس ئىكەن. دەرەخلەرگە قاپاق ئېسىپ ئۇۋىسىز قاراغوجىلارنى باقار ئىكەن. قۇشلارنى تۇتسا ئۆچ ئىكەن، ئۆلتۈرگەننى كەچۈرمەيدىكەن. ئۇلار «ھۆپۈپنى تۇتسا تېنى سېسىق پۇرايدۇ، قۇچقاچنى تۇتسا يۈركى تىترەك بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئىشىنەر ئىكەن. قۇشلار ئۈچۈن قەبرىلەرگە بۇغداي، گۈرۈچ، تېرىق، قوناقلارنى چاچار ئىكەن. باللار ئاشقان تاماقلارنى كىشى دەسسىمەس يەرلەرگە يايىدىكەن. بوۋاي مومايلار تاشلانغان نان، بۇزۇلغان يېمەكلەردىن قۇشلارغا داستىخان سالىدىكەن.



ئۇيغۇردا ھەر مەھەللە دوقمۇشىدا بىر مەسچىت بار ئىكەن. مەسچىتنىڭ ئالدىدا كىشىلەر پاراڭ سالىدىغان بىر سۇپا بولىدىكەن. سۇپىنىڭ ئالدىدا كۆل بار ئىكەن، كۆل بويىدا ئۈجمە بار ئىكەن. ئۈجمىلەردىن كىشىلەر سايە ئالسا، قۇشلار ئوزۇق ئالىدىكەن. قۇشلار ئۈجمىنىڭ باراقسان شاخلىرىدا ئويناپ تاقلار ئىكەن، ۋىچىرلاپ كۆڭۈل ئاچار ئىكەن. سەھەردە نامازدىن يانغان جامائەتكە قۇشلار ناغرا چالار ئىكەن، سايراپ قارشى ئالار ئىكەن. يانچۇقلاردىن بۇغداي، قوناق، گۈرۈچلەر قۇشلار ئۈچۈن ياغار ئىكەن. جامائەت قاتارلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆرۈشكەندە قولىنى يۈزلىرىگە سۈرۈشۈپ، قۇشلاردەك قىزغىن ۋىچىرلار ئىكەن. بىر بىرىگە دۇئا-تىلەك تىلەر ئىكەن. ئۆيلەرگە تېز تېز يۈرەر ئىكەن.

دوقمۇشقا يېقىن يەردە بىر ناۋايخانا ۋە بىر ئاشخانا بار ئىكەن. ناۋايخانا يېنىدا ئىككى تۈپ قۇچاق يەتمەس قاپاق تېرەك بار ئىكەن. ناۋايدىن ئادەملەر نان ئالسا، قۇشلار دان ئالىدىكەن. نانلار ناۋاينىڭ ھەققى؛ تونۇردىن چىققان، پەشخۇندىن ئاشقان ئۇۋاقلار قۇشلارنىڭ نىسىۋىسى ئىكەن. ناۋاي تونۇردا كۆيۈپ كەتكەن ۋە تونۇردىن ئاجراپ كۆمەچ بولغان نانلارنى قۇشلارغا ئۇۋاپ بېرىدىكەن. ئاشخانا ئىگىسى مېھماندىن ئاشقان پولۇ، لەغمەن، مانتا، چۆچۈرە دېگەن «دان»لارنى ئۆگزىگە ئاپتاپقا يايار ئىكەن، قۇشلارغا داستىخان سالار ئىكەن. شۇڭا بۇ يەردە قۇشلار بىرى بىرىدىن سېمىز ئىكەن، پەيلىرى پاكىزە گۈزەل ئىكەن.



«قۇتسىز قۇدۇققا چۈشسە قوم ياغار» دېگەندەك، قۇشلارنىڭ بۇنداق خۇشال كۈنلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ. ھەممە يەردە ئۆيلەرنى بۇزۇش-چېقىش بولۇپتۇ، ئۇيغۇردىكى مەھەللە چاڭ-توزاڭغا تولۇپتۇ. ناۋايخانا چېقىلىپ، قۇشلار دائىم ئوينايدىغان ئىككى تۈپ قاپاق تېرەكمۇ يوق بوپتۇ. كېسەك ئۆيلەر چېقىشتا تۈگەپ، سېمۇنت بىنالار پەيدا بوپتۇ. قارغىلار قاقىلدايدىغان يول بويىدا سوۋادان تۈگەپتۇ. ئۆستەڭ بويىدا سۆگەت قالماپتۇ. بىنا تاملىرىدا بىچارە قۇچقاچلار ئۇۋا ياسارغا تۆشۈكلەر يوق ئىكەن. تەلەيسىز قۇشلار ئۇۋا ئىزدەپ ھەر تەرەپكە قاراپتۇ. دانلاي دېسە ئېتىز يوق، قوناي دېسە دەرەخ يوق، ئوزۇق ئىزدەپ تاراپتۇ. ئەمدى بۇ يەردە قاقىلداشلار، بۇقۇلداشلار، ۋىچىرلاشلار، چىرىلداشلار ئاڭلانماس بوپتۇ.

قارلىغاچلار، تۇرنىلار، ئاققۇلار، قاراغوجىلار كۆزدە بىر كەتكەنچە كەلمەپتۇ. باللىق سېغىزخانلار، قارغىلار، پاختەكلەر، كەپتەلەر ئۇۋاسىز يۈرۈپ ھېرىپتۇ، تۇخۇم باسالماي قېرىپتۇ. ياشلار قورقۇنچتىن تۇرالماي، قوندىقى يوق قونالماي، تولا ئوق يەپ چىدالماي ھەر يوللارغا كىرىپتۇ. يازدا ئىسىق تومۇزدا تۇرخۇنلارغا قونۇپتۇ، قىش كۈنلىرى سوغۇقتىن خۇمدانلاردا قونۇپتۇ. قۇشلار بۇرۇنقى ئۇۋا-ماكانلىرى ئەتراپىدا ئاچچىق ئاچچىق ۋىچىرلاپ، بىر بىرىگە قاراپتۇ، بىر نىيەتكە كېلەلمەي، مەسلىھەتسىز تاراپتۇ.

ئۇيغۇر دېگەن بۇ يەردە كېتەلمەي تۇرۇپ قالغان سانى ئەڭ كۆپ، ئەڭ بوزەك بولغان قۇش قۇچقاچلار ئىكەن. قۇچقاچلار قۇرسىقى ئاچ چۇرۇلداپ ھەر كۈن ھالسىز يۈرۈپتۇ. دان تاپالماي ھەر ياندا كۆپ جاپانى كۆرۈپتۇ. ناندا باققان ناۋاينى، پولۇ تارتقان ئاشپەزنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇپتۇ. ئاچ قالغان قۇچقاچلار بالكۇندا دان ئىزدەپتۇ. زاۋۇتلارغا كىرىپتۇ.



ھەر بۇلۇڭغا بىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دوختۇرلار قۇچقاچلارنى دورا دەپ، خالاتلارنى تاشلاپتۇ. قۇچقاچ كاۋاپ داۋا دەپ، تىجارەتنى باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ دورا يەپ، ئاغرىق يۈرگەن ساقلارمۇ قۇچقاچلارنى قوغلۇشۇپ، بىر بىرىنى بوغۇشۇپ، كۆزلىرىنى ياشلاپتۇ. تۇتۇۋالغان قۇچقاچنى ئوتقا سېلىپ قاقلاپتۇ، قازانلاردا قاينىتىپ شورپىلارغا تاشلاپتۇ. بەزى ئاچكۆز قۇچقاچلار ئەخلەتخانا، ئېتىزدىن ئوزۇق ئىزدەپ كېزىپتۇ، زەھەر چوقۇپ ئېزىپتۇ. قورساق ئاغرىپ ئۆلۈپتۇ.

كەتمەي قالغان قۇشلار ئىچىدە ئەڭ ئوبدان ياشاپ كەپتەرلەر قاپتۇ. ئۇلار بىنالارغا كۆنۈپتۇ. بالكونلاردا ياشاپتۇ. قەپەزلەردە تۇخۇملاپ قونداقلاردىن قاچماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەپتەرلەر ھەر يەرلەردە كۆپلەپتۇ. بازارلارنى باچكا ئەت، كەپتەر گۆشى قاپلاپتۇ. لېكىن بەزەن دوستلىرى، باللىرى باچكىلار، كۆز ئالدىدا بوغۇلسا، ھېچ بىر چىداپ بولماپتۇ. كەپتەرلەرنىڭ بەختىگە ئۇيغۇر دېگەن بۇ يەرنى، چاققانلارنىڭ ھەممىسى، ھەيكەللەرگە ئامراقكەن. ھەيكەللەرنىڭ باش، بۇرنى ماياقلاشقا بەك ماسكەن. ئاچچىق يۇتقان كەپتەرلەر، ھەيكەللەرگە ماياقلاپ، يۈز كۆزىگە تۈكۈرۈپ، دەرت، نەپرەتنى ئالاركەن.

ئۇيغۇرسىز سەرسان بولغان، تۇرنا، ئاققۇ، سېغىزخان، بۇركۈت سۇندۇك، قارلىغاچ؛ يات زېمىنغا كۆنمەپتۇ، ئانا تۇپراق بولمىغاچ. ئۇلار ھازىر ھەر يەردە، ھەر توپراقتا بار ئىكەن. ئاچ ئەمەسكەن توق ئىكەن، ئەمما ئۇۋا تاپالماي، بىر ماكاندا ياتالماي، جان ئارامى يوق ئىكەن. دائىم كۆچۈپ يۈرەركەن، ئوي چوڭقۇردىن ئۆتەركەن، باغ ۋە تاغنى كېزەركەن، يىراقلارغا ئۇزاركەن، ئەمما ھەر كۈن شامالدىن، توسۇقلاردىن قامالدىن، ئانا يەرنى سوراركەن، ئۆز ئۆيىنىڭ پۇرىقى بۇرۇنلارغا پۇراركەن.



www.uyghurkitap

# كۆنۈكمە



1.ئۇيغۇر دېگەن يەرنى سىزىپ چىقىڭلار، چۆچەكتە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلارنى بىر رەسىمگە جايلاشتۇرساڭلارمۇ بولىدۇ ياكى بۇلارنى ئايرىم سىزساڭلارمۇ بولىدۇ.



2. تۆۋەندىكى سۆزلەر قانداق تۈزۈلگەن؟ پارچىلاپ كۆرسىتىڭ. چۆچەكتە يەنە قانداق پارچىلاشقا بولىدىغان سۆزلەرنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىڭ.

ئۈلگە:











## 3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى يېزىڭلار.



| | | |
|---|---|---|
| مەست | دورا | رىزىق |
| | | |
| داستىخان | مەسچىت | سۇپا |
| | | |
| دوقمۇش | ناغرا | دۇئا |
| | | |
| قۇدۇق | سىمونت | قونداق |
| | | |

| | | |
|---|---|---|
| نیەت | مەسلەهەت | قۆچقاچ |
| ئاشپەز | خالات | داۋا |
| بالکۆن | باچکا | هەیکەل |
| دەرت | نەپرەت | باتۆر |

2. رەسىمنى بوياپ بېقىڭلار ۋە رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى يېزىڭلار.



رەسىمدىكى نەرسىلەر: ______________________________

______________________________________________

______________________________________________.

3. چۆچەككە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرىكمىلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭ.

مەست بولماق: ____________________

تەلەي قونماق: ____________________

دۇئا قىلماق: ____________________

دەرت ئالماق: ____________________



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئوخشىتىپ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ياساڭلار.





# قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، ئاچنىڭ غېمى ئاچلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئىكەن. شۇ زامانلاردا بىر يەردە بىر بالا بولۇپتىكەن، ئۇنىڭ ئېتى قۇتلۇق ئىكەن. يۈرىكى ئوتلۇق ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇتلۇقجان چۈش مەزگىلى بىلەن ئېتىزدىن قايتىپ، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كەلسە، دالان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قارلىغاچنىڭ بالىسى پالاقلاپ ياتقۇدەك. ئاستا قولىغا ئېلىپ قارىسا، بىچارىنىڭ بىر پۇتى سۇنغان، ھالى بەك خاراپ، زار - زار يىغلاپ تۇرغان. قۇتلۇق بۇ قارلىغاچ بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، قاناتلىرىنى سىلاپتۇ، باشلىرىغا سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۈۋاپتۇ. ‹‹نېمە بولدى پۇتۇڭ›› دەپ ھالىنى سوراپتۇ. ئاڭغىچە تام - تورۇسلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ئانا قارلىغاچلار قۇتلۇققا قاراپ:

- ۋاي - ۋاي ئىسىت،
ۋىچىر - ۋىچ،
بىلەلمىدۇق سىرنى ھېچ.
ئېيتىڭ بىزگە قۇتلۇقجان،
نېمە بوپتۇ، نېمە ئىش؟ - دەپ سايراپتۇ. قۇتلۇق:

- ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ،
سىلەر يوقتا بۇ بەكباش،
پىتىشماستىن ئۇۋىدا،
مىيىپ بوپتۇ يىقىلىغاچ... - دەپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئانا قارلىغاچلار بۇنى ئاڭلاپ، بالىسىغا قاراپ:
- دېمىدۇقمۇ بىز ساڭا،
ئىناق بولۇپ تۇرغىن تىنچ.
ئەمدى قانداق قىلىمىز،
ئاڭلىمىساڭ گەپنى ھېچ، - دەپ چېچىلىپتۇ، ئېچىنىپتۇ. ئاخىر قۇتلۇققا
قاراپ: - ئەمدى قانداق قىلىمىز،
ئۆلۈپ قالسا بالىمىز.
بۇنىڭ ئۇچۇن چارىنى،
ئىزلەپ نەگە بارىمىز! - دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ.
قۇتۇق بىر ئاز ئويلىنىپ:
- ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ،
تاپتىم چارە ئويلىغاچ.
بۇنىڭ ئىشى: بىر تال يىپ،
كىچىككىنە جۇپ ياغاچ... - دەپ ئانىسىنىڭ
يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ. ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ،
بىر قېتىم يىپ، بىر چىمدىم پاختا سورىۋېلىپ،
ئوتۇندىن ئىككى تال كىچىككىنە شىشىق
چىقىرىپ، بۇلار بىلەن تېڭىقچىلىق قىلىپتۇ.
بىردەمدىلا قارلىغاچنىڭ پۇتىنى ئوبدان تېڭىپ، ئاستا
ئۆز ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ.
ئانا قارلىغاچلار: - ۋىچىر- ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ،
ئەمدى بولدى كۆڭۈل تىنچ.





ياخشىلىققا - ياخشىلىق،
ئۇنۇتمايمىز بۇنى ھېچ، - دەپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، قۇتلۇققا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاندىن كۆڭلى تىنىپ، بالىلىرىغا دان توشۇشقا يەنە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ، قىلغان چارە ئۈك كەپتۇ. ھېلىقى بالا قارلىغاچنىڭ سۇنغان پۇتى ئوۋشلىپ، ئاتا - ئانىسىغا قوشۇلۇپ، كەچ كۈزگىچە تولەپتۇ. قىشقا قالماي قارلىغاچلار ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ. كېلەر يىلى كۆكلەمدە، قۇتلۇق ئولتۇرسا بىر كەمدە، قارلىغاچ كەپتۇ ھويلىسىغا، قاراپ تۇرسا ئاغزىدا دان، قونۇپتۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا، بولتۇرقى كونا ئۇۋىسىغا. قۇتلۇق تونۇغاندەك قىلىپ، قارلىغاچقا قاراپ كۈلۈپتۇ. قارلىغاچنىڭ ئاغزىدىكى «دان» ئاڭغىچە ئالدىغا تۈك! قىلىپ چۈشۈپتۇ. قۇتلۇق دەررۇ داننى قولىغا ئېلىپ قارىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇقى. قۇتلۇق خۇش بولۇپ، كۆڭلىگە قانداقتۇر ئۈمىد تولۇپ، ئېتىزغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئېتىزغا بېرىپ يەر تاللاپ، ئۇرۇقنى ئوبدان تېرىپتۇ. ئۇرۇق پاتلا ئۈنۈپتۇ. قۇتلۇق يەنە توختىماي پەرۋىش قىلىپ بېرىپتۇ.



كۆنلەر ئۆتۈپ، كۈن كەپتۇ، پىلەك يېيىلىپ ھەر يانغا، چوڭ ئېتىزغا بىر كەپتۇ. قارىسا، ھەر تاۋۇز، ھەر تاۋۇز! ھەر بېغىشتا بىر تاۋۇز. قۇتلۇق يەنە قارىسا، تاۋۇزلارنىڭ ئارىسىدا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك، يوغان بىر تاۋۇز تۇرغۇدەك! قۇتلۇق ئۇنى سىناپ، تاك - تاك قىلىپ چېكىپتۇ، پىشتى دەپ بىلىپتۇ. كۆتۈرەلمەيمەن دەپ ئويلاپ ئۆيگە قاراپ چېپىپتۇ.

- ۋاي دادا، ۋاي ئاپا! تەرگەن تاۋۇز چۈشۈپتۇ. ئاردا بىرى ئاجايىپ، چېكىپ باقسام پىشىپتۇ. زەمبىل بىلەن كۆتۈرەيلى، ئۆيگە چاپسان ئەكىلەيلى، - دەپ دادىسىغا يېلىنىپتۇ. ئاخىرى دادىسى بىلەن بېرىپ، ھېلىقى تاۋۇزنى زەمبىلگە سېلىپ، يولدا نەچچە كىشى ھەمدەملىشىپ، ئانىسىمۇ ياردەملىشىپ، ئۆيگە ئاران ئەكىلىپتۇ. ئەكىلىپ ئۇلاش - چولاش پىچىشسا، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇقلار ئالتۇن - كۈمۈش بولۇپ يەرگە جىرىڭلاپ چېچىلىپتۇ.

تاۋۇزنى ھەممەيلەن، قوشنا - قولۇم ھەممەيلەن بىللە تۇرۇپ يەپتۇ. يەپ بولۇپ جامائەت خۇشال، مۇنداق دەپتۇ:

- مانا بۇ ئىش ئەسلىدە،
ياخشىلىقتىن بولغان ئىش.
باركاللا، قۇتلۇقجان،
قۇتلۇق بولسۇن قۇتلۇق ئىش!

قۇتلۇقنىڭ خۇشلۇقىدىن، ئاغزىنىڭ بوشلۇقىدىن، بۇ ئىشنى ئەتىسى تاش باخشىنىڭ باقى دېگەن بالىسى بايقاپ بىلىۋاپتۇ. ئالتۇن - كۈمۈشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. بىراق ھېچنېمە قىلالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئاچكۆز باقى قۇتلۇقنى كۆرەلمەپتۇ. تىت - تىت



بولۇپ دائىم خاتىرجەم يۈرەلمەيتۇ. كۆرگەن يەردە ‹‹ئەقىللىق دېگەن سەنمۇ؟ سەن قىلغاننى مەن قىلالمايمەنمۇ!›› دەپ قۇتلۇقنى سۆكۈپتۇ. ئەڭ ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ.




ئەتىياز بولغاندا، قارلىغاچ بالىسى چىققاندا، باقى چىقىپ تۇرۇسقا بىرىنى ئۇغرىلاپتۇ. پۇتىنى قەستەن سۇندۇرۇپ ياغاچ بىلەن تېڭىپ قويۇپ، ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئىشنى توغرىلاپتۇ..

بىر ئاز ئۆتمەي قارلىغاچ، ئۇۋىسىغا كېلىپلا بولغان ئىشنى تۇيۇپتۇ:

- ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر- ۋىچ،
باللىرىم نېمە ئىش؟

- تاشنىڭ ئوغلى سىلەرنى،

- قويماپتۇ، دە، ئاخىر تىنىچ! - دەپ سۇئال قويۇپتۇ. ئاڭغىچىلىك باللىرى دەرد تۆكۈپتۇ، بولغان ئىشنى دەپ بېرىپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئانا قارلىغاچ:

- ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر- ۋىچ،
سىلەردە يوق گۇناھ ھېچ.
يامانلىققا يامانلىق،

ئۇنتۇماڭلار بۇنى ھېچ، - دەپ باللىرىنى قۇچۇپتۇ. پۇتى سۇنغان بالىسىنى بەزلەپ، دان ئۇچۇن ئېتىزغا يەنە ئۇچۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپ ئاي كەپتۇ. بالا قارلىغاچ ئۇڭشىلىپ، قاتارغا ئاران قوشۇلۇپ، كۆز كەلگىچە تولەپتۇ، ئاقساپ يۈرۈپ كەچ كۈزدە ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ. ئاڭغىچىلىك قىش كەپتۇ. باقى ئالتۇن كويىدا قىشتا جىق كۈن تونەپتۇ. ئەتىيازلىقى ھەر كۈنى قارلىغاچ ئۇۋىسىغا قاراپتۇ، ئوغرى مۇشۇكتەك ماراپتۇ. بىر چاغلاردا قارلىغاچلار



كەلگىلى باشلاپتۇ، بىرى كېلىپ باقىغا بىر نېمە تاشلاپتۇ. باقى دەررۇ ئېلىپ قارىسا، كۆزگە سۇۋاپ يالىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇقى! باقى خۇشاللىقىدىن پىرقىراپ، ئېتىزلىققا بېرىپ، يەرنى بىر ئاز تاتلاپ، ئۇرۇقنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققۇچە، تاۋۇز چۈشۈپ پىشقۇچە، جاندىن نەچچە تويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى باقى قارىسا، پىلەككە يوغان بىر تاۋۇز چۈشۈپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي پىشىپتۇ. باقى تاۋۇزنى ئۈزۈپ، ئۆزى يالغۇز پىچىپتۇ، پىچىشىغىلا تاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ھەرە بولۇپ غۇيۇلداپ، راسا قوغلاپ چېقىپتۇ. باقى: ‹‹ئاللا، ۋاي جان!›› دەپ ئوقرۇق تەككەن موزايدەك، مەھەللىگە قاراپ قېچىپتۇ. يىغلاپ - قاقشاپ ۋارقىراپ يۇرتنى بېشىغا كيىپتۇ.

تەرەپ - تەرەپ، تۇشمۇ تۇشتىن خالايىقلار ئۇلىشىپ: - نېمە سىر بۇ، توختاڭلار! ئاجراتماڭلار، تىنچ! – دەپتۇ.

ھەممە قاراپ باقىغا: - ساڭا لايىق ئىش، - دەپتۇ.

قارلىغاچلارمۇ ئۇلىشىپ: - ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ، ساڭا لايىق شۇنداق ئىش.

يامانلىققا - يامانلىق،

جايىداكەلسە ئوبدان ئىش! - دەپ توۋلىشىپتۇ.

ئۇششاق باللارمۇ: - نەپسى يامان باقى باي، ئەمدى قالدىڭ چاتاققا. ئەقلىڭ بولسا ۋارقىرىماي، كىرىۋالغىن پاتقاققا!... دەپ زاڭلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا باقىنىڭ ‹‹ھەرە چاققان يەرلەرگە لاي سۇۋىسا ساقىيىمىش›› دېگەن سۆزلەر ئېسىگە كېلىپ، پاتقاققا ئۆزىنى بېشىچىلا تاشلاپتۇ.



www.uyghurkitap

# كۆنۈكمە

1. ئاتا-ئاناڭلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قارلىغاچقا قانداق قارايدىغانلىقى ھەققىدە سوراپ بېقىڭلار.

جاۋاب: ________________________________________

________________________________________

________________________________________.

2.قارلىغاچ قۇتلۇقتىن قانداق ياخشىلىق كۆردى؟ قۇتلۇق نېمە ئۈچۈن قارلىغاچقا ياخشىلىق قىلدى؟

جاۋاب: ________________________________________

________________________________________.

3.قۇتلۇق بىلەن باقىنىڭ پەرقى نېمە؟ باقى قانداق بالا؟

جاۋاب: ________________________________________

________________________________________.

4.قۇتلۇق بىلەن باقىنىڭ تاۋۇز تېرىشىدا قانداق پەرق بار؟ تاۋۇزنى يېيىشىدىچۇ؟

جاۋاب: ________________________________________

________________________________________

________________________________________.

5.قۇتلۇقنىڭ تاۋۇزىدىن نېمە چىقتى، باقىنىڭ تاۋۇزىدىنچۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: ________________________________________

________________________________________

______________________________________

.______________________________________

6.ھەرە چاققان يەرگە لاي سۇركسە ساقىيىدۇ، دىگەن قاراشقا قوشۇلامسىز؟

جاۋاب: ______________________________.

7.تۆۋەندىكى سۆزلەرنى چۆچەكتىن تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| دالان | | زەمبىل | |
| خاراپ | | باخشى | |
| چارە | | ئوقرۇق | |
| شىشىق | | دەررۇ | |
| پەرۋىش | | جىمەيلەن | |

8.تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

تۈلمەك: ______________________________

.______________________________________

جۆنمەك: ______________________________

.______________________________________

ھەمدەملەشمەك: __________________________

.______________________________________

تۈنمەك: ______________________________

.______________________________________

# چۆچەکلەر باغچىسى





# توشقان بىلەن يولۋاس

ياسىن ئابدۇكېرىم يولچى

بىر كۈنى توشقانچاق ئۇرمانلىقتا ئويناۋېتىپ يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ. قورسىقى ئېچىپ ئاران تۇرغان يولۋاس تولىمۇ خۇشال بولۇپ:

- ياخشىمۇ سەن توشقانچاق، ئەجەپ ئوبدان ئۇچرىدىڭ، ئېچىرقاپ كەتكەن ئىدىم، - دەپتۇ.

قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن توشقانچاق قاچسا تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ :

- مېنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن شۇنداق كىچىك، مېنى يېسىڭىز تويمايسىز، ئاتا- ئانام دائىم گېپىڭىزنى قىلىپ، «بۆرە، تۈلكىگە يەم بولغىچە، يولۋاس، شىرغا يەم بولساق ياخشى بولاتتى» دەيتتى، شۇڭا سىزنى باشلاپ بارسام، ئۈچەيلەننى قوشۇپ بىراقلا يېسىڭىز توياتتىڭىز، - دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يولۋاسنىڭ كۆزلىرى ئويناقشىپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

- سەن نېمىدېگەن ئوماق، بوپتۇ، ئۆيۈڭگە باشلا، سىلەرنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزەي، - دەپتۇ.

توشقان يولۋاسنى باشلاپ بىر تاقلاپ، ئىككى تاقلاپ ئۆيى ئالدىغا كەپتۇ، ۋە:

-يولۋاس ئاكا، سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ئاپام بىلەن دادامنى باشلاپ چىقاي، - دەپتۇ-دە ئۆيگە بىر كىرىۋالغانچە چىقماپتۇ.

يولۋاس ساقلاۋېرىپ ئاخىرى بولالماي:

- توشقانچاق، ھەي توشقانچاق، چىقمامسەن؟ - دەپ ۋارقىراپتۇ.

توشقانچاق:

- چىقمايمەنغۇ، قانداق قىلالايتتىڭ، - دەپ پىخىلداپ كۈلۈپتۇ.

ئالدانغانلىقىنى بىلگەن يولۋاس شۇنچە قىلىپمۇ توشقاننىڭ ئۆيىگە ھەرگىز كىرەلمەپتۇ.

-خەپ توختا! كېلەر قېتىم ئالدىمغا ئۇچرىساڭ تىرىكلا يۇتىۋەتمەيدىغان بولسام! - دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

توشقانچاق ۋە ئاتا-ئانىسى يولۋاستىن قورقۇپ ئۈچ-تۆت كۈنگىچە ئۆيدىن چىقالماپتۇ. يەيدىغىنى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن دادا توشقان:

- مەن بازارغا بېرىپ سەي- كۆكتات ئېلىپ كېلەي، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەيلى يەنە، - دەپ بازارغا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، توشقانچاق:

- دادا، يولۋاس ئۇچراپ قالسا قانداق قىلارسىز؟ - دەپتۇ.

-كونىلار «باشقا كەلگەندە باتۇر» دەپتىكەن، بىر گەپ بولار بالام،



- دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.
دەرۋەقە بازاردىن قايتاشىدا ھېلىقى يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ.
-ھىم!-دەپ سۆز باشلاپتۇ يولۋاس، - ئالدىنقى قېتىم بالاڭ مېنى ئالدىدى، ئەمدى كۆرگۈلۈكىڭنى كۆر! - دەپتۇ دە، توشقانغا ئېتىلىپتۇ.
-توختاڭ! - دەپتۇ توشقان ئالاقزادە بولۇپ، - ئۆتكەندە سىز كەلگەندە مەن ئۆيدە يوق بولۇپ قاپتىمەن، بولمىسا بىر ئۆيدىكى ئۇچەيلەن سىزگە غىزا بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، بالام كىچىكلىك قىلىپ قويۇپتۇ، سەل ساقلاپ تۇرسىڭىز، بالام بىلەن ئايالىمنى چاقىراي، ئۇچەيلەننى بىراقلا يېسىڭىز سىزمۇ تويىسىز، مەنمۇ تولىمۇ خۇرسەن بولار ئىدىم، - دەپتۇ.
- سەنلەر يەنە مېنى ئالدىماقچى بولۇشۇۋاتامسەن، ئۇخلاپ چۈشۈڭ! - دەپتۇ دە، تۇشقانغا يېقىنلاپ كەپتۇ.
- ئىشەنمىسىڭىز بوينۇمنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇڭ، ئەگەر سىزنى ئالدىغۇدەك بولسام ئارغامچىنى بىرلا تارتسىڭىز يەنە ئالدىڭىزدا پەيدا بولىمەن ئەمەسمۇ، ئۆتۈنۈپ قالاي، - دەپتۇ يېلىنىپ.
يولۋاس كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ:
- بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، - دەپتۇ دە، ئارغامچىنىڭ





بىر ئۇچىنى توشقاننىڭ بويىنغا باغلاپ يەنە بىر ئۇچىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ توشقاننى ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېپتۇ.

دادا توشقان ئۆيىگە كىرىپلا خوتۇن- باللىسىنىڭ ياردىمىدە تېزلا بويىندىكى ئارغامچىنى يېشىۋاپتۇ-دە، يولۋاسقا:

- خوتۇن- باللىرىم سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ، ئەتە كەلسىڭىز قانداق؟ - دەپتۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ.

يولۋاس ئاچچىقىدا ئارغامچىنى كۈچەپ بىر تارتقان ئىكەن، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ نەچچىنى دوملاپ توختاپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىق يۇتۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ.



# كۆنۈكمە



1. ئىش، تارازا، لەپەر، خەۋەر دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟ بۇ سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا «چى» قوشۇلسا قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ مۇشۇ قائىدە بويىچە قانداق سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب:________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________.

2. قەرز، ئەرز، ۋاپا، داك، روزا دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تېپىڭلار ۋە بۇلارنىڭ كەينىگە «دار» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. مۇشۇ قائىدە بويىچە بۇنداق سۆزدىن يەنە قانچىنى ياسىغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب:________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________.

3. يىلتىز-پىلتىز دېگەن سۆزنىڭ شەكلىدە يەنە نان-پان، ئاش-پاش، ئىش-پىش دېگەن سۆزلەرمۇ بار. بۇ قائىدە بويىچە سۆز ياساپ بېقىڭلار.

جاۋاب:________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

4.توشقان ھەققىدە قانداق ھېكايىلەرنى بىلىسىز؟

جاۋاب:______________________________

______________________________.

5.خەزىنە، ئارام، ۋەقە، بوزەك، نۆۋەت، مىراس، پوپۇزا دېگەن سۆزلەرنى ئۆگىنىپ كېلىڭلار ۋە بۇلارغا مەنىسى يېقىن سۆزدىن بىردىن يېزىڭلار.

جاۋاب:______________________________

______________________________

______________________________

______________________________.

6.بۇ چۆچەكتە توشقانلار يولۋاسقا يەم بولۇشتىن قانداق قۇتۇلدى؟

جاۋاب:______________________________

______________________________.

7.تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بولماق، قىلماق، تاپماق دېگەن سۆزلەرنىڭ قايسىسى ماس كېلىدىغانلىقىنى يېزىڭلار ۋە ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

بوزەك:______________________________

ئارام:______________________________

پوپۇزا:______________________________

جاۋاپ:______________________________

8.«مومىسىنى كۆرسەتمەك»، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش» دېگەن ماقالىلارنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىپ كېلىڭلار.

جاۋاب:______________________________

______________________________

______________________________.

# ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ

بۇرۇن بۇرۇندا، تېرىق تۆلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا ئىكەن. مانا شۇ كۉنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەردە بىر بېلىقچى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى كۆپ، هال- ئوقتى ناچار ئىكەن، يىغلاپ- قاقشاپ بېلىقچىلىق قىلىپ يۉرگەن كۉنلىرىنىڭ بىرىدە، تورغا ناهايىتى يوغان، رەڭگى بەكمۇ چىرايلىق بىر بېلىق چۉشۉپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېلىقچى بېلىقنى پادىشاهقا تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاهتىن جىقراق پۇل ئېلىش تەمەسى بىلەن ئولجىنى كۆتۉرۉپ شاهنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپتۇ ۋە بېلىقنى پادىشاهنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۉزۉپتۇ. بېلىق شاهقا مەنزۇر بولۇپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا بېرىشنى خەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ. شاهنىڭ بۇ ئەمرىنى ئۇنىڭ ئىچى تار بىر ۋەزىرى ماقۇل كۆرمەي:

- شاهىم، دەپتۇ خۇشامەت بىلەن، - بىر بېلىققا مىڭ تىللادىن ئىنئام قىلىۋەرسىلە، ئاز كۉندە خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالامدۇ؟ خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالسا، بىزنىڭ هالىمىز نېمە بولار؟

- مەن بەردىم، - دەپتۇ شاھ، - سېنىڭ ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، قولۇڭدىن كەلسە قايتۇرىۋالغىن.

- خوپ، شاهىم، بېلىقنىڭ پۇلىنى قايتۇرىۋېلىش مەندىن، بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كېلىش سىلىدىن بولسۇن.



ۋەزىرنىڭ دىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان شاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىدىن بىرنى بۇيرۇپ، بېلىقچىنى ئوردا ئىشىكىدىن ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. رەڭگى ئۆڭگەن بېلىقچىنى ئۆز ئالدىدا كۆرگەن ۋەزىر پادىشاھقا خۇشامەت قىلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، بېلىقچىغا قاراپ:

- شاھىمىز سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. بېلىقنىڭ ئەركەك ياكى ئۇرغاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقۇزغانىدىم. قېنى، ئېيتىپ باققىنا، بېلىقىڭ قايسى جىنسقا كىرىدۇ، - دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئۆزىنى سۆزدە يېڭىلدۇرۇپ، بېلىقىم ئەركەك دېسە، ئۇرغاچىنى تېپىپ كەل، ئۇرغاچى دېسە، ئەركىكىنى تېپىپ كەل، ئاندىن مىڭ تىللانى ئېلىپ كەت، دەپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مىڭ تىللا ئىنئامنى قايتۇرۇۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بېلىقچى تەمكىن تۇرۇپ:

- تەقسىر، بۇ بېلىق ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇزلا تورغا چۈشكەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چېچەنلىك بىلەن ۋەزىرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغان بېلىقچىنىڭ سۆزىگە كۆڭلى سۆيۈنگەن شاھ بېلىقچىغا يەنە مىڭ تىللا ئىنئام بېرىپ يولغا سالىپتۇ.





# كۆنۈكمە

1.بىر ھەپتىدە قانچە كۈن بار؟ بۇ كۈنلەرنىڭ ئىسمى نېمە؟

جاۋاب: ______________________________

.______________________________

2.تىللا قانداق بولىدۇ؟ پادىشاھ نېمە ئۈچۈن كەمبەغەلگە تىللا بېرىدۇ؟

جاۋاب: ______________________________

.______________________________

3.ۋەزىر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ۋەزىر بىلەن پادىشاھنىڭ نېمە پەرقى بار؟

جاۋاب: ______________________________

______________________________

.______________________________

4.كەمبەغەل قانداق قىلىپ ۋەزىرنى مات قىلدى؟

جاۋاب: ______________________________

.______________________________

5.كەمبەغەلنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ؟ ۋەزىرنىڭ قىلغىنىچۇ؟

جاۋاب: ______________________________

.______________________________

6.تۆۋەندىكى قوشاقنى يادلىۋېلىڭلار.




7.چۆچەكتىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تېپىڭلار ۋە مەنىسىنى يېزىڭلار.

ئولجا: ____________ دىت: ____________

مەنزۇر بولماق: ____________ ياساۋۇل: ____________

ئوردا: ____________ ئۇرغاچى: ____________

خەزىنە: ____________ قەست: ____________

ئىنئام: ____________ ئاغزىنى تۇۋاقلىماق: ____________

8.«ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن ماقالنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ چۆچەككە شۇنداق ماقال قويۇلسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ______________________________________________

______________________________________________________.

# بال-ھەسەل ئۇيغۇر تىلىم








# ئانا تىلىم

قاسىم سىدىق



ئانا تىلىم جىلۋەم-جەزبەم،
ئانا تىلىم گۆھەر خەزىنەم.
ئانا تىلىم مەككە-مەدىنەم،
ئانا تىلىم ئۆزى بىر ئالەم.

يورۇمايدۇ تارىخىم سەنسىز،
جاھالەتتۇر بۇ دىلىم سەنسىز.
بىر پارچە گۆش بۇ تىلىم سەنسىز،
كۆرۈنمەيدۇ مەنزىلىم سەنسىز.

جەڭگاھلاردا ياراق ئانا تىل،
يۈرۈشلەردە بايراق ئانا تىل.
قۇياش كەبى پارلاق ئانا تىل،
مەن ساڭا بەك ئامراق ئانا تىل.





# كۆنۈكمە

1.«ئانا تىل» ماۋزۇلۇق بۇ شئېرنى يادىغا ئېلىڭلار. دۇنيا ئانا تىل كۈنى قاچان؟ نېمە ئۈچۈن بۇ كۈن بەلگىلەنگەن؟

جاۋاب: ______________________________________________

______________________________________________.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن مەنىسى ئۆيغۇن كەلگەنلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار.






3. ئانا تىل ھەققىدە يېزىلغان يەنە قانداق ئەسەرلەرنى بىلىسىز؟ سىز ئانا تىل كۈننى ئائىلىڭىزدە قانداق ئۆتكۈزمەكچى؟

جاۋاب: ________________________________________________

________________________________________________________

________________________________________________________

________________________________________________________

________________________________________________________.

## سالام خەت

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
كەم دىدار بوۋا،
يىللار كەلدى كەلمىدىڭ،
ساقلىسام موما.

كۆرەلمىدىم سىلەرنى،
ئارىمىز ئۇزاق.
قانالمىدىم، چىدارمەن
سىلەرسىز قانداق.

تېلىفوندا سۆزلەشتۇق،
گەپلەرىم چالا،
سورايسىلەر ئۇيغۇرچە
بىلمەمدۇ بالا.

مەن كىملەردىن ئۆگىنەي،
ئىشلەيدۇ دادام.
ھەممە دەرستە «يۈز ئال!» دەپ
قىينايدۇ ئانام.

قۇلىقىمدا ياڭرايدۇ
قوشاقلىرىڭلار،
تەلپۈندۇرەر تېنىمنى
قۇچاقلىرىڭلار.

مەن ئۇيغۇرچە ئۆگىنەي،
سەۋەپ قىلىڭلار،
ئاتا-ئانام ئۆگەتسۇن
تەلەپ قىلىڭلار.



# كۆنۈكمە

1.سالام خەت ھەققىدە ئاتا-ئانىڭلاردىن سوراپ باقتىڭلارمۇ؟

جاۋاب: ______________________________.

2.بۇ سالام خەتنى نەسرگە ئايلاندۇرۇپ يېزىپ چىقىڭلار.

جاۋاب: ______________________________

______________________________.

3. «سەۋەپ قىلساڭ سىۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ماقالنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟ سىۋەتتە سۇ توختامدۇ؟

جاۋاب: ______________________________

______________________________.

4. «سەۋەپ قىل، تەلەپ قىل» دېگەن ماقالنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ________________________________________

.________________________________________

5. «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەپ يەپتۇ» دېگەن ماقالنى چۈشىنەمسىز؟

جاۋاب: ________________________________________

.________________________________________

تۆۋەندىكى قوشاقنى چۈشىنىپ ئوقۇڭلار.

دوست بولۇپتۇ، بىلىشمەس،
ئىككى ئۈچ بەڭۋاش،
سەۋزىدىن ھېچ خەۋەر يوق،
پىشىپ قاپتۇ ئاش،

ئۆتمەي تۇرۇپ ئىككى كۈن
چىقىپتۇ مۇشتلاش،
خۇشال كۆلكە ئورنىغا
يىغلاش، ۋاقىراش.



# نادىرنىڭ تىلى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

نادىرنىڭ تۆت ياش چاغلىرى ئىدى، كىچىك دېسە خاپا بولاتتى. كىم كىچىك دېسە دەرھال:
-مەن كىچىك ئەمەس، كىچىك دېگەن بوۋاق دېگەن گەپ، مەن بوۋاق ئەمەس تۇرسام، -دەپ قارشى تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى دادىسى بىلەن كىم ئېگىز دېگەن ئويۇننى ئوينايتتى. كۆزلەر ئوچۇق بولسا دادا ئېگىز، يۇمۇلسا نادىر ئېگىز چىقاتتى. نادىر كۆزىنى يۇمسىلا دادىسى مەيدىسىگە كېلىپ قالاتتى، كۆزىنى ئاچسا دادىسىنىڭ تىزىغا كەلمەيتتى. نادىر كۆزىنى يۇمسا ئۆزىنى باشقا بىر دۇنيادا، ئاچسا يەنە باشقا بىر دۇنيادا كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ كۆزىگە ئامراق ئىدى، يۈزىدىكى بۇ گۈزەل، ئاجايىپ ئەزاغا بەكمۇ ھەيران قالاتتى.
نادىر ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۈتتۈر ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاغزىدىن گەپمۇ چۈشۈپ قېلىپ خاپا قىلدى. چالا سۆزلەپ يۈرۈپ «نادىر كوماك» دەپ نام ئالدى. ئاغزىدا چىشلىرى تولۇق چاغدا نادىر بەك تولۇق سۆزلەيتتى. تىلى چىشىغا تېگىپ بەكمۇ چىرايلىق تاۋۇشلارنى چىقاراتتى. كىم ئاڭلىسا «چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك گەپ قىلدۇ» دەپ ماختايتتى. ئەمدى ئۇ كوماك، تىلى






چىشىنىڭ ئورنىدىكى كوماك يەرگە تېگىدۇ، تاۋۇش چىقمايدۇ. شۇنچە قىلسىمۇ ئاغزىدىن ت بىلەن د پەقەتلا چىقمايدۇ. شۇندىن كېيىن «ئۇ چىش بولمىسا بولمايدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە «چىشىمغا ئامراق بولسام چۈشمەستى، رەنجىپ قالغاچقا چۈشۈپ كېتىپتۇ»، دەپ خىيال قىلدى.

بىر كۈنى نادىرنىڭ كوماك بولغان چىشلىرىغا بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى. تۇرۇپلا ئانىسى دائىم دەيدىغان ۋە دېگۈزمەي ئۇنىمايدىغان «خۇداغا شۈكرى»نى دەپ باقتى. ئانىسى توغرا دەيدۇ. خۇداغا شۈكرى دېسە بولىدۇ. چىشى چۈشمەي تىلى چۈشۈپ كەتكەن ياكى تۇتۇلۇپ قالغان بولسا قانداق قىلغۇلۇق ھە! ئۇ چاغدا چاتاق ئىدى، ئاغزىدىن ھېچ بىر تاۋۇش ، سۆز چىقماي زېرىكىپ ئۆلەر بولغىيدى بەلكىم!. قارىغاندا چوڭلارنىڭ «تىلىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلەرسەن» دېگىنى بەك خەتەرلىك ئىش بولسا كېرەك. ئامراق تاغىسىنى «تۇتۇلۇپتۇ!» دەپ ئاڭلاپ مومىسى تولا يىغلاپ ئۆلۈپ كەتتى، دادىسىمۇ ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئىدى. تىلى تۇتۇلۇپ قالسا نادىرمۇ بەلكى ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. بۇنىڭغا چىدىماي دادىسى، ئاندىن ئانىسىمۇ ئاغرىپ قالار بەلكىم. بەلكى ئۆلۈپ كەتكەن سۆيۈملۈك مومىسىدەك... نادىردا ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت يوق ئىدى. تىلىنى ئاغزىدىن چىقارمىدى، تۇتۇلۇپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەپ

قالدى. شۇندىن كېيىن تۇتۇلۇش دېگەن سۆزگە ئۆچ بولۇپ قالدى.
نادىر يەتتە ياشقا كىردى، ئىككىنجى يىللىقتا ئوقۇيدۇ. ئۇ ئەمدى خۇشال، چۈنكى چىشلىرى قايتا چىقتى. يامان يېرى چىشلا چىقمىدى، چاتاقمۇ تەك چىقتى. دادىسى «ئانا تىل ئۆگىنىسەن» دەپ بىر گەپنى تاپتى. ئاران كەلگەن شىكەر شەنبە، تاتلىق يەكشەنبە كۈنىدە دادىسى بىنادىكى باللارنى ئۆيىگە يىغۋالدى. ئانىسى ئۇلارغا ھەر ھەپتە ئۇلاپ يازىدىغان ھەرپلەرنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ھەرپلەر 32 ئىدى. مۇئەللىم دەرستە «ئادەمنىڭ 32 چىشى بار،» دەپ ئۆگەتكەن ئىدى. نادىر ئەمدى چۈشەندى. ئۇ ئالتە ياش چېغىدا ئۇيغۇرچە ئىككى ھەرپنى دېيەلمەي يۈرەتتى. ئەسلى 32 چىشىدىن ئىككىسى چۈشۈپ كەتكەچ ئىككى ھەرپنى دېيەلمەي قالغان ئىكەن. نادىر 32 ھەرپنى دەپ باقتى. ھەممىسىدە تىل بولمىسا دېگىلى بولمايتتى. دادىسى توغرا دەپتۇ. تىل موھىم ئىكەن. دادىسى ئانا تىل موھىم دېگەندە بىلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئەمدى بىلىۋالدى. تىل موھىمكەن، ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن تاتلىق تاۋۇشلارنى چىقارغان تىل بەك موھىم ئىكەن! ئانا ئاغزىدىن ئاڭلانغان 32 تاۋۇش ئىنتايىن يېقىملىق ئىكەن. تاۋۇشلار كەم چىقسا گەپ چالا بولۇپ ھېچ كىم چۈشەنمەي قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 32 ھەرپكە ئامراق بولۇپ قالدى. ھەرپلەرنى رەسىم سىزغاندەك سىزىپ، دوراپ



كۆچۈرۈپ، يېزىپ هارمايتتى. ئانا تىل كىتابىنى راۋان ئوقۇپ كەتسە ئانىسى سۆيۈپ، دادىسى قۇچاقلاپ كېتەتتى.

نادىر بىكار بولسىلا ئانىسىدىن ھېكايە ئاڭلايتتى. دادىسى ئۇ سورىغان سۇئاللارنى جاۋابسىز قويمايتتى. ئۇ نادىرغا ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. بىر كۈنى نادىر دادىسىدىن قىزىقىپ سورىدى.

-دادا، نېمىشقا چىش چۈشىدۇ، تىل چۈشمەيدۇ؟ چىش چۈشۈپ كەتسە ئالتۇن، كۈمۈش ياكى سەدەپ بىلەن سالدۇرسا بولىدۇ، نېمىشقا ئادەمگە تىل سالدۇرغىلى بولمايدۇ؟ دادىسى بۇ سۇئاللارنى ئاڭلاپ ئويلاندى، ئاندىن نادىرنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ،

-ئوغلۇم ساڭا تىل ئەڭ ئەڭ مۇھىم دەيمەنغۇ، ئەڭ مۇھىم نەرسە دېگەن ئورنىغا باشقا نەرسە ئالماشمايدىغان نەرسە دېگەنلىك. قانداق نەرسىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر نەرسىنى قويالمىساق شۇ ئەڭ مۇھىم نەرسە بولىدۇ. تىلنىڭ ئورنىغا تىل سالماق مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تىل ئەڭ مۇھىم. چىشمۇ مۇھىم، ئەمما چۈشۈپ كەتسە مېتاللاردىن سالدۇرسا بولىدۇ. ئەمما ئۆز چىشىڭدەك بولمايدۇ. سالدۇرغىچە بەك قىينايدۇ، ئانا تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار ئۆزىمىزنىڭ چىشىغا ئوخشايدۇ. يات تىللاردىكى تاۋۇشلار كېيىن قاپلاتقان ئالتۇن، كۈمۈش، سەدەپ چىشلارغا ئوخشايدۇ. ئاغزىڭدىن ئېلىپ سالسەن، بۇلغۇنۇپ قالىدۇ. يۇقۇملىنىپ قالسا سېنىمۇ كېسەل قىلىدۇ. بەزىدە





# كۆنۈكمە

1.نادىر چىشى چۈشۈپ كەتكەندە نېمىلەرنى ئويلىدى؟ سىزنىڭ چىشىڭىز چۈشكەندە قانداق بولغان ئىدى؟



جاۋاب: ________________________________________

________________________________________.

2.ئاغىز نېمىشقا پۇرايدۇ؟ چىش نېمە ئۈچۈن ئاغرىيدۇ؟ سىز ھەر كۈنى چىشىڭىزنى قانداق ئاسرايسىز؟



جاۋاب: ________________________________________

________________________________________

________________________________________.

3. تىلمۇ چىشتەك چۈشەمدۇ؟ تىل تۇتۇلۇپ قالامدۇ؟ سىزچە تىل تۇتۇلۇپ قېلىش دېگەن نېمە گەپ؟



جاۋاب: ________________________________________

________________________________________

________________________________________

4. نادىر تىلنىڭ موھىملىقىنى قانداق بىلىۋالدى؟ ئانا تىلغا نېمە ئۈچۈن ئامراق بولۇپ قالدى؟

جاۋاب: ________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________.



# بىلىۋالدىم ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق







# ئۇيغۇرغا مېھمان

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

جاھان، جانۋار، يەر زېمىن،
ئۇيغۇرغا مېھمان.
مېھماندوستلۇق يۈرەككە،
قاندىن تارالغان.



ئاچ –يالىڭاچ، نامراتلىق،
يالغانغۇ يالغان،
ئالەم بولسا داستىخان،
ئۇيغۇرلار سالغان.





# زەپ ئوخشاپتۇ بۇ توقاچ

ئۇيغۇر قوشاقلىرى

ئاپتاپ چىقتى ئالەمگە،
يۈگۈرۈپ باردىم ھەدەمگە.
-ھەدە، ھەدە توقاچ بەر،
-قېنى، بېرىپ بېرىپ ئوتۇن تەر.



ئوتۇن تەردىم بىر قۇچاق،
ھەدەم ياقتى ئاي توقاچ،
كۈندەك كۈلدى كۆڭلىمىز
توقاچ يېگەچ بىر ئوچاق.

زەپ ئوخشاپتۇ بۇ توقاچ،
ئانام خېمىر يۇغۇرغاچ.
دادام تاۋلاپ تونۇرنى،
ئاكام تەستە قومۇرغاچ.



www.uyghurkitap

# كۆنۈكمە



1.نان ھەققىدە يەنە قانداق قوشاقلارنى بىلىسىز؟

جاۋاب: ____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭ.

نانچۆپ: ________________.　نانقايناق: ________________.

نانكور: ________________.　نان كۈچۈكى: ________________.

نان جىگدە: ________________.　نانتاختا: ________________.

نان قېپى: ________________.　نان يىمەس: ________________.

ئاقنانچى: ________________.　ئۇشتاق: ________________.

نانغادەسسىمەك: ________________.　نان بۇزدى: ________________.

3. نان توغرىسىدىكى بۇ ماقال تەمسىللەرنى ئۆگىنىۋېلىڭ.



نان بەرگەننىڭ قولنى چىشلاپتۇ.
ناۋاينىڭ نېنى پىشقىچە يېگى كۆيەر.
نان تۇرۇلسا سۇغايۇگۇر،
سۇ تۇرۇلسا گۆرگە.
ياتقانغا نان يوق،
قوپقانغا ئالۋان.



4. ئۇيغۇرلاردا نان بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانداق ئۆرپ-ئادەتلەر بار؟ رەسىمدە ئۇيغۇرلارنىڭ نان بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانداق ئادەتلىرى ئەكس ئەتكەن؟ نان بىلەن باغلانغان ئەسۋاپلار بار؟

جاۋاب: ____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________

____________________________________________.



# ئۇيغۇر نەسلىمەن

ئابدۇۋەلى ئايۇپ




قارا قاشلىق قارا كۆز،
ئۇيغۇر نەسلىمەن.
ئارزۇيۇمدۇر قاناتىم،
قۇرغۇي ئەسلى مەن.

يامانلارنى جازاسى،
مـــۇزدەك پەسلىمەن،
ياخشىلارنىڭ يۆلىكى،
قۇتلۇق ۋەسلىمەن.





# ئاتا- ئانىلارغا ئىككى تەۋسىيە






# ئوغلۇمنىڭ دۇنياسى

(ھېكايە)

نۇرگۈل ھېيت

ئاپتور سۆزى: بۇ ئۈچ يېرىم ياشلىق ئوغلۇم ئەليارنىڭ چىن ھېكايىسى. بۇ ھېكايىدە ئوغلۇمنىڭ ھەربىر سوئالىنى سورىغان چېغىدىكى ھېسسىياتىنى، يىغلامسىرىغان ئاۋازىنى، مېنىڭ يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ چىققان كۆز ياشلىرىمنى يازالمىدىم. گۆدەك ئوغلۇمنىڭ ئاددىيلا سورىغان ھەر بىر سوئالى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن پۈتكۈل تارىخنى ۋاراقلاشقا، ھازىر ئۈستىدە ئويلىنىشقا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشمىگە، گاھ ئالەمگە يۈزلەنسەم، گاھ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىكى ئۆزلۈكۈمگە يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوغلۇم بىلەن قول تۇتۇشۇپ ماڭساق، مەن ئۇنى ئەمەس، بەلكى ئۇ مېنى يېتىلەپ مېڭىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. راست، مەن ئوغلۇمغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولۇۋاتىمەن. رەھمەت ساڭا ئوغلۇم، مېنى بۇلغىنىۋاتقان چوڭ ئادەملەر دۇنياسىدىن پەيلاسوپلارغا خاس ساددىلىق، گۈزەللىك ھەم چىن مەنە يوشۇرۇنغان باللار دۇنياسىغا قايتۇرۇپ كەلگىنىڭگە رەھمەت. قولۇمنى قويۇۋەتمە، مەن ساڭا ئەگىشىپ ئادەم بولاي.

ــ ئوغلۇم، قۇياشمۇ ئۇخلىغىلى كەتتى، بىزمۇ ئۇخلايلى.

ــ ئەمىسە ماڭا قىزىقارلىق چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ.



– ئەلۋەتتە ئېيتىپ بېرىمەن ئوغلۇم. «ئۇر توقماق»نى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

– ياق، ئۇنى بىلىمەن.

– «ئۈجمە سايىسى»نى ئېيتىپ بېرەيمۇ ئەمسە؟

– ياق، ئۇنىمۇ سىز تۈنۈگۈن ئېيتىپ بولغان.

– ئۇنداق بولسا ھايۋانلار توغرىسىدىكى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

– ئانا، بىز ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟

– بىز ئەلۋەتتە ئادەم.

– بىز ئادەم تۇرساق ماڭا نېمىشقا ئەمسە ھايۋانلار توغرىسىدىكى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىسىز؟

– بۇ دۇنيادا بىز ئادەملەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ياشايدۇ. مەن ساڭا ئۇلار ھەققىدىكى قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرسەم، ئۇلارغا بولغان تونۇشۇڭ چوڭقۇرلىشارمىكىن دەيمەن.

– ئانا، ماڭا ئادەملەر ھەققىدە چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ.

– ئاڭلا ئوغلۇم، مەن ساڭا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ چۆچىكىنى ئېيتىپ بېرەي.

– چىن تۆمۈر باتۇر؟! باتۇر دېگەن قانداق بولىدۇ ئانا؟

– باتۇر دېگەن ئاجىزلارنى قوغدايدىغان، زومىگەر، زالىم، ئالۋاستىلاردىن قورقماي، ئۇلارغا قارشى تۇرالايدىغان قورقماس ئادەم.

– تېزرەك ئېيتىپ بېرىڭە ئانا!

– بۇرۇنقى زاماندا بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىدە بىر ئاكا-سىڭىل ياشايدىكەن.

– ئۇلارنىڭ دادىسى، ئانىسى يوقمىكەن؟

– يوق ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

– دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇلارنى باقماي نەگە كېتىپتىكەن؟

– ئورمانلىقتا ئوۋغا چىققاندا يولۋاس يەپ كەتكەن بولسا كېرەك.

– دادىسى بىلەن ئانىسى بولمىسا ئۇلار قانداق ياشايدىكەن؟

– ئاكىسىنىڭ ئىسمى چىن تۆمۈر باتۇر، سىڭلىسىنىڭ ئىسمى مەختۇمسۇلا ئىكەن. ئاكىسى ھەر كۈنى ئارغىماققا مىنىپ، مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، كاپ-كاپ كۆچىكىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورمانلىقتا ئوۋغا چىقىپ، توشقان، كېيىك، بۆغا، جەرەنلەرنى تۇتۇپ ئەكېلىدىكەن. سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئۆيدە ئوتنى ئۆچۈرمەي، كۈلنى كۆچۈرمەي ئولتۇرۇپ ئاكىسى تۇتۇپ كەلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ، ئاكىسى بىلەن بىللە يەيدىكەن.

– چىن تۆمۈر باتۇر توشقان، كېيىكلەرنى ئۆلتۈرسە ئورمان ساقچىسى تۇتۇۋالمامدۇ؟

– ياق ئوغلۇم، ئۇ بەك بۇرۇنقى چاغلار بولغاچقا، ئۇ زامانلاردا ساقچى يوق ئىكەن.

– چىن تۆمۈر باتۇر بەك ئەسكى ئىكەن، ساقچى تۇتۇۋالمىسىمۇ ئوماق توشقان، كېيىكلەرنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ-دە!

– ئۇ چاغلاردا تېرىلغۇ يەر ئاز، سۇ قىس بولغاچقا، ئاتا-بوۋىلىرىمىز چىن تۆمۈر باتۇرغا ئوخشاش ئات مىنىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ياشاپتىكەن. بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقماقچى بوپتۇ.

– ئۇ ئوۋغا نېمە ئېلىۋاپتۇ؟

– مىسران قىلىچىنى ئاپتۇ، يەنە تېخى قولىغا ئالغۇر بۈركۈتنى قوندۇرۇپ، دومبىسىگە يا ئوقىنىمۇ ئېسىۋاپتۇ. ئۇ سىڭلىسىغا ئوتنى ئۆچۈرمەسلىكنى تاپىلاپ يولغا چىقىپتۇ.





– ئوت ئۆچۈپ قالسا نېمە بولىدىكەن؟

– تاماق ئەتكىلى، چاي قايناتقىلى بولمايدۇ. ئاخشىمى قاراڭغۇدا قورقىدۇ. مەختۇمسۇلا ئېھتىيات قىلماي ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. ۋە بىر كۈن ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئاكسى كەلمىگەندىن كېيىن، ئوت ئىزدەش ئۈچۈن ئۆگزىسىگە چىقىپ يىراقلارغا قاراپتۇ.

– ئوت ئۆچۈپ قالسا سەرەڭگىدە ئوت ياقسا بولىدىغۇ؟

– ئۇ چاغلاردا سەرەڭگە يوق ئىكەن. بىر قېتىم ئوت يېقىۋالسا چوغنى ئۆچۈرمەي ساقلاپ ئوت تۇتاشتۇرىدىكەن. ئورمانلىقنىڭ چېتىدە ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن.

– مەختۇمسۇلا قانداق قىپتۇ؟

– مەختۇمسۇلا يىراقتىكى بىر كەپىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردە ئوت بار ئىكەن دەپ ئويلاپ، نۇرغۇن يول مېڭىپ ئۇ كەپىگە بېرىپتۇ. ئۇ كەپىدە بىر قېرى يالماۋۇز ئولتۇرىدىكەن. ئۇ يالماۋۇز مەختۇمسۇلادىن ھەممە ئەھۋالنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، بىر تال چوغ بېرىپتۇ.

– چوغنى تۇتسا مەختۇمسۇلانىڭ قولى كۆيۈپ كەتمەمدۇ؟

– مەختۇمسۇلانىڭ تۆمۈردىن ياسالغان بىر چوغدىنى بار ئىكەن. چوغنى شۇنىڭغا سېلىپ ئاپىرىپ، ئوت يېقىپ، چاي قاينىتىپ ئىچىپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى يالماۋۇز كېلىپ، مەختۇمسۇلانىڭ تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى شوراپ ئىچىۋاپتۇ.

– مەختۇمسۇلا ئۆلۈپتىمۇ؟

– ياق، ئۆلمەپتۇ. ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. كەچتە چىن تۆمۈر باتۇر كېلىپ سىڭلىسىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشىكنىڭ





كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپتۇ. يالماۋۇز ئەتسى يەنە كەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن چىقىپ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپتۇ. ھېلىقى يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشى بار ئىكەن. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزنى قوغلاپ يۈرۈپ، مىڭ بىر جاپا-مۇشەققەتتە ئۇنىڭ يەتتە بېشىنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلاپ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئوغلۇم، چىن تۆمۈر باتۇر راستتىنلا باتۇرمىكەن؟

— ھەئە، باتۇر ئىكەن.

— ئۇ قانداق باتۇر ئىكەن؟

— ئاتقا مىنىپ، مىسران قىلىچنى ئېسىپ، يەتتە بېشى بار يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگەن باتۇرئىكەن.

— سەنمۇ چىن تۆمۈر باتۇردەك باتۇر بولغىن، ئوغلۇم.

— مېنىڭ يا ئېتىم بولمىسا، يا قىلىچىم بولمىسا، قانداق باتۇر بولىمەن؟ ئېتى يوق، قىلىچى يوق چىن تۆمۈر باتۇر بولسام يالماۋۇز مېنى يەۋالامدۇ؟

— مەن ساڭا ئات ئېلىپ بېرەي، قىلىچ ئېلىپ بېرەي، ئاتقا مىنىپ، قىلىچنى ئېسىپ بېرىپ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگىن، بولامدۇ؟ ئوغلۇم.

— مەن يالماۋۇزنى ئۆلتۈرەلەيمەنمۇ؟



— ئۆلتۈرەلەيسەن ئوغلۇم، چوقۇم ئۆلتۈرەلەيسەن.

— يالماۋۇزنى ئۆلتۈرسەم ساقچى تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويىدۇ.

— ياق ئوغلۇم، ئادەملەرنى ئۆلتۈرسە ساقچى تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە سولايدۇ، يالماۋۇز دېگەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى. ساقچىلارنىڭمۇ دۈشمىنى، ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ ساقچى تۇتۇۋالمايدۇ.

— ئانا، قىلىچنى نەگە ئاسىدۇ؟



― باتۇرلار بېلىگە كەمەر باغلايدۇ، قىلىچنى ئاشۇ كەمەرگە ئاسىدۇ.

― دادام تېلېفون تاقايدىغان يېرىگىمۇ؟

― ھەئە.

― دادامنىڭ قىلىچى بارمۇ؟

― يوق، داداڭ دېگەن ئوقۇتقۇچى تۇرسا، قىلىچ ئېسىپ يۈرسە بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار قورقۇپ كېتىدۇ.

― بوۋامنىڭ قىلىچى بارمۇ ئانا؟

― يوق، ئالما سويىدىغان كىچىك پىچىقى بار.

― دادامنىڭمۇ قىلىچى بولمىسا، بوۋامنىڭمۇ قىلىچى بولمىسا، مەن قانداق باتۇر بولالايمەن؟

―...

― ئانا، سىزنىڭ قىلىچىڭىز بارمۇ؟

― نېمە؟ قىلىچ؟!... مەندە... بار ئوغلۇم، مېنىڭمۇ قىلىچىم بار.

― ئانا، راستىمۇ؟ سىزدە راستتىنلا قىلىچ بارمۇ؟ ماڭا ئېلىپ بېرىڭە، تاسىمامغا ئېسىۋالاي.

قىلىچىم بولسا يالماۋۇزدىن ھەرگىز قورقمايمەن.

― ئۇنى ئالغىلى بولمايدۇ.

― ماڭا كۆرسىتىپ قويىڭە ئانا، مەن ئۆزۈم ئالاي.

― قولۇڭنى ئەكەل ئوغلۇم، مېنىڭ قىلىچىم مانا ماۋۇ دۈك-دۈك سوقۇپ تۇرغان يەردە.



ــ بۇ دېگەن يۈرەك.

ــ شۇنداق ئوغلۇم، مېنىڭ قىلىچىم مۇشۇ.

ــ قىلىچ دېگەن شۇنداق ئۆتكۈر تۇرسا، يۈرىكىڭىزنى كېسىۋەتمەمدۇ؟

ــ كېسىۋېتىدۇ، تىلىۋېتىدۇ، يارا قىلىۋېتىدۇ تېخى.

ــ يۈرىكىڭىز كېسىلىپ كەتسە ئۆلۈپ قالمامسىز؟

ــ ياق ئوغلۇم، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى شۇنداق بىر قىلىچ تىلىپ، يارىدار قىلىپ تۇرسا ئادەم تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ ياخشى ياشىيالايدۇ.

ــ ئانا، يۈرىكىڭىزدىكى قىلىچتا يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگىلى بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ ئوغلۇم. يۈرىكىمدە قىلىچ بولغاچقىلا بۇ دۇنيادىكى جىمى بۇزۇقچىلىق، زەھەر، مەنىۋى بۇلغىنىش ۋە ئەسكى ئىشلارنى ئۆزۈمگە يېقىن يولاتماي، قارشى تۇرۇپ پاك ياشاۋاتىمەن.

ــ دادامنىڭ يۈرىكىدىمۇ قىلىچ بارمۇ؟

ــ بار، مېنىڭكىچە، چوقۇم بار.

ــ ئانا، سىز دادامنىڭ يۈرىكىدىكى قىلىچنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

ــ ھەئە، كۆرۈپ باققان.

ــ قاچان كۆرگەن؟ دادام نېمىشقا ماڭا كۆرسەتمەيدۇ؟

ــ مەكتەپ مۇدىرى زىياپەتتە هاراقتا زورلاۋەرگەندە ئۆزىگە تەڭلەنگەن قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتقان چاغدا، بۇزۇقچىلىق ئۇۋىلىرىنىڭ ئالدىدىكى بوۋاقلارنىڭ كەلگۈسىگە ئېچىنىپ ياش تۆككەن چېغىدا، كېچە-كېچىلەپ



ماتېرىيال كۆرۈپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان چاغلىرىدا، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىدە كۆرۈپ تۇرىمەن.

— يۈرىكىدە قىلىچ بار ئادەم دادامدەك كىچىككىنە ئۇخلىماي ئىشلەمدۇ؟

— كىچىك ئۇخلىماسلىق باشقا بىر گەپ ئوغلۇم. ئەڭ مۇھىم يېرى، شۇ ئادەمنىڭ نىيىتى مەقسىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قايسى ئىشنى قىلىشىدا. خەلق، ۋەتەن، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن شېرىن ئۇيقۇ، راھەت-پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ، كېچە-كۈندۈز ئەل غېمىدە ياشايدىغان ئادەمنىڭ يۈرىكىدە قىلىچ بولىدۇ.

— ئانا، مېنىڭ يۈرىكىمدىمۇ قىلىچ بارمۇ؟

— ھەئە، بار ئوغلۇم. سېنىڭ يۈرىكىڭدىمۇ پارقىراق، ئۆتكۈر، كىچىككىنە ئوماق قىلىچ بار.

— ياق، كىچىك قىلىچتا يالماۋۇزنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ يۈرىكىمدىمۇ يوغان، دادامنىڭكىدەك قىلىچ بار. ئانا، يۈرىكىمگە قىلىچنى كىم سېلىپ قويغان؟

— سەن تۇغۇلغاندىلا بار ئىدى. داداڭ بىلەن مەن بۇ قىلىچنى بىلەپ، تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلىش ئۈچۈن تىرىشتۇق.

— بوۋامنىڭ ئۆيىدىكى بىلەي تاشقا بىلەپمۇ؟

— ياق ئوغلۇم، يۈرەكتىكى قىلىچنى تاشقا بىلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى ساڭا نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىپ بېرىش، ئوقۇپ بېرىش، قەھرىمان-باتۇرلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىش، چېنىقتۇرۇش، سەيلە-ساياھەت قىلدۇرۇپ نەزەر دائىرەڭنى ئېچىش، تەبىئەتنى چۈشەندۈرۈش، بىلىم ئۆگىتىش، ئۇلۇق ئەجداتلارنىڭ شانلىق تارىخي



قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بىلەپ ئۆتكۈر قىلىمىز.

— سىز ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بەرسىڭىز، كىتاب ئېلىپ ئۆگەتسىڭىز يۈرىكىمدىكى قىلىچ تېخىمۇ ئۆتكۈر بولامدۇ؟

– شۈنداق ئوغلۇم.

– ئۇ چاغدا يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەمدىمەن؟

– ھازىرقى يالماۋۇزلارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. يالماۋۇز ھازىر ھاراق، تاماكا، زەھەر، ئەخلاقسىزلىق، چىرىش، مەنىۋى بۇلغىنىش، كىيىم-كېچەككە، راھەت-پاراغەتكە، داغۋازلىققا بېرىلىش قاتارلىق شەكىللەردە ئىنسانىيەتنىڭ قېنىنى ئاستا-ئاستا شوراپ تۈگەتمەكتە.

– مېنىڭمۇ قېنىمنى شورامدۇ؟

– جىم تۇرۇپ بەرسەڭ ھەممە ئادەمنىڭ قېنىنى شوراۋېرىدۇ. روھنى خورىتىپ، زەئىپلەشتۈرىدۇ.

– مېنىڭ قېنىمنى شورىۋالسا مەن ئۆلۈپ قالامدىمەن؟

– شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى تۇرالايدىغان باتۇر بولۇشۇڭ كېرەك.

– مەن يۈرىكىمدىكى يوغان قىلىچ بىلەن يالماۋۇزنىڭ ھەممە بېشىنى كېسىۋېتىمەن. سەت يالماۋۇزنى دادامنىڭمۇ، سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ، بوۋامنىڭمۇ، ئادىل ئاكام، مەرھابا ئاچام، قەدرىيە ئۇكامنىڭمۇ قېنىنى شورىغىلى قويمايمەن.

– شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك جېنىم باتۇرۇم. چۈشۈڭدە چىن تۆمۈر باتۇرنى كۆرگەيسەن.

– ئۇخلىمىسا قانداق چۈش كۆرگىلى بولىدۇ؟

– ئەمسە ئۇخلايلى.



– ياق، مەن ئۇخلىمايمەن، ئۇخلاپ قالغاندا يالماۋۇز كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

– يۈرىكىمىزدىكى قىلىچنى بىر قېتىم بىلىۋېتىپ ئۇخلىساق، يالماۋۇز قورقۇپ بىزگە يېقىن يولىيالمايدۇ.

– ئۆتكەندە بىز ئۇخلاپ قالغاندا ئۆيىمىزگە ئوغرى كىرىپ، جىق نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتىكەن، يەنە ئۇخلاپ قالساق يالماۋۇز كېلىپ يۈرىكىمىزدىكى قىلىچنى ئوغرىلاپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟

– يۈرەكتىكى قىلىچنى ھېچكىم ئوغرىلىيالمايدۇ ئوغلۇم. ئۇنى پات-پات بىلەپ تۇرمىسا داتلىشىپ كاردىن چىقىدۇ. دائىم بىلەپ تۇرساق تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ.

– خوش ئانا، مەن يۈرىكىمدىكى قىلىچنى چىڭ تۇتۇپ ئۇخلايمەن.

– ئەتىگەندە سەھەر ئويغانغىن، باتۇرۇم.



# ئۇيغۇردا مۇھاجىرەت ۋە ئانا تىل

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

مەۋجۇتلۇق كىرزىسى بىزنى ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاۋاتىدۇ. مەغلۇپلۇق خەۋپى كۈچەيگەنچە ئانا تىلىمىزغا ۋە دىنىمىزغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشماقتىمىز. نەتىجىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا ئانا تىل كۇرۇسلىرىنى ئېچىش، ئانا تىل يەسلىلىرىنى قۇرۇش، دىنىدا تەربىيەلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇردا بۇنداق بىر ھاياجاننىڭ كۆتۈرىلىشى تولىمۇ قەدىرلىك. ئەمما بۇ ھاياجان بىر ئەستايىدىل تەپەككۇر، ئەتراپلىق پىلان ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن يېتەكلەنمىسە نەتىجىسىز پەسلەپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بۇ ماقالىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانا تىل نېمە ئۈچۈن موھىم، ئۇنى قانداق ساقلاپ قالىمىز، مۇھاجىرەتتىكى ئانا تىل ئوقۇتۇشىدا ساقلانغان مەسىلىلەر قايسىلار دېگەن تېمىلاردا توختىلىمىز.

## 1. مۇھاجىرەتتە ئانا تىلنىڭ موھىملىقى

ئانا تىل مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ زۆرۈر مەنىۋي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئانا ۋەتىنىدىن ئۇزاقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئانا تىلدا سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان سېغىنىشىنى باسىدۇ. مەسىلەن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2015-يىلى ئىستانبۇلدا بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. يىغىندا دوكلاتچىلاردىن سۇئال سورىغۇچىلار جاۋابىنى ئۆزى قوشۇپ دەۋېتىپ ئىشتىراكچىلارنى بىئارام قىلدى. مىكروفون قوللاردىن چۈشمىدى. سۇئال سوراش لېكسىيە سۆزلەشكە ئايلىنىپ كەتتى. كەيپىياتتىن قارىغاندا قاتناشچىلار ئىچىدە كونىلار، ياشانغانلار بەكرەك سۆزلەشكە مايىلدەك قىلاتتى. دېمەك، مۇھاجىرەتتىكىلەر ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى سېغىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئانا تىلدا سۆزلەش ئالاقە ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەنىۋي ئېچىرقاشنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇردىن يىراقراق يەرلەردە ياشاۋاتقانلاردا بۇ ئېھتىياج كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ۋەتەندىكى چاغلىرىمىزدا بىر قېتىم مەرھۇم ئانام تېلىفون قىلىپ «ئامېرىكىدىن كەلمىسەڭمۇ بولۇپتىكەن. ئۇ چاغلاردا كۆرەلمىگەن بىلەن ھېچ بولمىغاندا ئاۋازىڭنى بولسىمۇ كۈندە

ئاڭلاپ تۇراتتىم. ھازىر يا ئۆزۈك يا سۆزۈك يوق» دەپ رەنجىپ كەتكەنتى. ئەمەلىيەتتە ۋەتەندە مېنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەش ئېھتىياجىم قېنىپ تۇرغاچقا ئانامغا ھەپتىلەپ تېل قىلماپتىمەن. ئامېرىكىدا بۇ ئېھتىياجىمنى قاندۇرىدىغان ئادەم ۋە مۇھىت بولمىغاچقا توختىماي تېل قىلغانىكەنمەن. ئادەتتە ئۇيغۇرچە سۆزلەش ئېھتىياجى ئۇيغۇرسىز ئەللەردە ئەڭ كۈچلۈك، تۈركىيەدە ياكى باشقا يەردىكى تۈركلەر رايۇنىدا ياشاۋاتقانلاردا ئىككىنچى ئورۇندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇپ قالغانلاردا نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولسا كېرەك.

ئانا تىل مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىدۇر. چەتئەللەردە مۇساپىرلىقنى تاللىغانلار ھەر خىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق قاتارلىق سەنئەتلەرگە ئائىت قاراشلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلى شەرتسىز جەملەپ تۇرىدۇ. دىنىدا چىڭ تۇرىدىغان ئۆلىمالاغا تەلىمنى ئۇيغۇرچە بەرمەي ئامال بولمىغاندەك، بالىلاردا ئۇيغۇرلۇق ئاڭ يېتىلدۈرمەكچى بولغانلارمۇ تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل مەسىلىسىدە بۇ ئىككى سەرخىللار توپى بىر نەپەستۇر. ئانا تىل بۇ سۈنئىي يىراقلاشقان ئىككى قىرغاقنىڭ تەبىئىي كۆۋرۈكىدۇر. ئانا تىل كۆڭۈللەرنى يېقىنلاشتۇرغۇچى سېھىردۇر، پارچىلانغان پىكىردىكىلەرنىڭ دىللىرىنى چاتىدىغان، باغلايدىغان مېھىردۇر.

ئانا تىلنىڭ ئۇنۇتۇلماسلىقى ئاتا مىراس قاراشلارنى داۋاملاشتۇرۇشتا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تىلنىڭ ئۇنتۇلۇشى، شۇ تىل ئارقىلىق ئەجداتتىن ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ ماڭىدىغان دىن، قىممەت قاراش، مىجەز-خۇلۇق قاتارلىقلارنىڭمۇ ئۇنتۇلىشىدۇر. مەسىلەن، دىنىدىكى كىشى ھەققىنى يېمەسلىك، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، ئىنساپ، كىشىگە ئازار بەرمەسلىك، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق... قاتارلىقلار كۆرۈنىشتە دىن بىلەن ئالاقىسىزدەك ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىمۇ تىلدىكى ئۇقۇم سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغاچقا ھاياتىغا، ئەمەلىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي چۈشەنچىسىگە ئايلانغان قاراشلاردۇر. مىسال ئالساق، ئۇيغۇر تىلنى پۇختا ئۆگىنىپ ۋەتىنىمىزدە 8 يىل تۇرغان، 3 قىسىملىق ئۇيغۇرچە دەرسلىك يازغان نورۋېگىيىلىك تارجېرى ئەپەندى «مېنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن نورۋېگىيەگە ئېلىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە كىشىلەرنى سۆيۈندۈرگەن ئىشىم ئانامنى ياخشى بېقىۋاتقىنىمدۇر» دېگەن ئىكەن. مانا بۇ ئۇيغۇردىكى ۋاپادارلىقنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق بىر چەتئەللىككە سىڭىشى. تىل ئۆگىنىلسە

تەبئىيلا مەدەنىيەتمۇ ئۆگىنىلىدۇ، تىل مىراس قالسا تەڭ مەدەنىيەتمۇ مىراس قالىدۇ. تىلىمىز داۋام قىلسا دىنىمىز ۋە ئىسلاملاشقان مەدەنىيەتىمىزمۇ داۋام قىلىدۇ. شۇڭا مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋاپادارلىقا ئوخشاش تەۋەرۈك ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇق كاپالىتىدۇر. ئۇيغۇرلاردا ۋاپادارلىق، ساداقەت، كۆيۈم، مىننەتدارلىق دېگەن ئۇقۇملار ئۆرپ-ئادەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ ۋە شۇلار بىلەن كۈچلىنىدۇ. بالىلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى يۇقارقى ئۇقۇملارغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئاتا-ئانىغا، دوستلارغا، غايىسگە، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، يۇرت چوڭلىرىنى يوقلاش، مىسكىنلەر ۋە يېتىملەرنى يوقلاش...قاتارلىق ئادەتلەرگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا ئانا تىل ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ياش، مەلۇمات، كەچۈرمىش پەرقلىرى ۋە مەدەنىيەت پەرقى سەۋەبلىك كۆرۈلىدىغان چۈشىنىشمەسلىك يەنى ئەۋلاد بوشلۇقىنى تارايتىشتا موھىم. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئاتا-ئانا ۋە بالىلار ئوتتۇرىسدا مەلۇمات، قاراش، ياش، كەچۈرمىش ۋە ئادەت قاتارلىق يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان پەرقلەر بولغاندىن سىرت؛ ئاتا-ئانا ۋەتەندە سىڭدۈرگەن ۋە ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت بىلەن بالىلار چەتئەللەردە قوبۇل قىلىۋاتقان مەدەنىيەت ئارىسىدىمۇ زىددىيەت مەۋجۇت. مۇشۇنداق ئەۋلات بىلەن ئەجدات، ئۆز مەدەنىيەت بىلەن يات مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كىچىكلىتىشتىمۇ ئانا تىلنىڭ رولى موھىمدۇر. ئەسلىدىنلا بالىلار بىلەن ئارىمىزدا بوشلۇق بار. چەتئەللەردە بۇنىڭغا مەدەنىيەتتىكى پەرق قوشۇلىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە يېتىلگەن، بالىلار يات بىر مەدەنىيەتتە يېتىلىۋاتقاچ ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىقنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر بالىلىرىمىز ئانا تىلنى ئوبدان بىلسە بۇ ئۇقۇشماسلىقتىن قىسمەن ساقلانغىلى ۋە ئامال قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ئانا تىلنى قوغداشتىكى باسقۇچلار

ئانا تىلنى قوغۇداشتا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى ئەستىن چىقارماسلىقى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بىرىنچى، ئائىلدە ئاساس سېلىش، ئىككىنچى ئانا تىللىق كۇرۇستا كۈچەيتىش، ئۈچىنچى مەشرەپتە، جامائەتچىلىكتە جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئانا تىل تەربىيەسىنى ئائىلدە چىڭ تۇتۇش دېگەندە؛

تېلېفون، كومپيۇتېر ۋە پەتلېرىمىزدە چوقۇم ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ بولۇشى، چوقۇم ئۇيغۇرچە كىنو-كارتونلار بولۇشى، ئۇيغۇرچە ساۋات چىقىرىش ۋە ئېلىپبەگە دائىر ئەپلەر بولۇشى كېرەك. بالىلار ھازىر تېلېفون ئويناشقا بەك ئامراق، ئەگەر تېلېفونلىرىڭىزدا ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار تولۇق بولسا پەرزەنتىڭىز بىلىپ بىلمەي ئۇيغۇرچىغا كىرىشىپ قالىدۇ. ئۇندىن باشقا بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش، ھېكايە سۆزلەپ بېرىش، ئۇيغۇرچە پاراڭلىشىش ۋە بىللە ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنى كۆرۈش، ئاتا-ئانا ۋە ئۇرۇق تۇغقانلارغا كۆپرەك تېلېفون قىلىپ ئائىلىدە ئۇيغۇرچە موھىت يارىتىش دېگەنلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. كىشىلەر ئادەتلەنگەن ۋە دىققەت قىلىدىغان بىر نوقتا بالىلارنى ئائىلىدە ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىلدا سۆزلەشتىن چەكلەشتۇر. بۇ توغرا نىيەتتىكى خاتا ئۇسۇل. خاتاسى بالىلار دېگۈسى بار گەپلەرنى ئۆز تىلىدا دېيەلمەي، يات تىلدا دېيىشتىن چەكلىنىپ بىزدىن يىراقلىشىدۇ، سىقىلىپ قالىدۇ ۋە راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇيغۇرچىدىن بىزار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بالىلارغا ئاۋۋال يات تىلدا بولسىمۇ سۆزلەش پۇرسىتى بېرىپ، ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن شۇ گەپنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تەرجىمە قىلىپ بالىلارغا دەپ بېرىش، ئاندىن بالىلارنىمۇ مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇنداق بولغاندا بىرى بالا ئويلىرىنى ئاتا ئانىسى بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ. يەنە بىرى ئىككى تىلنى ئەركىن بىر بىرىگە تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيەگە ئېرىشىدۇ.

بالىلارنىڭ ئانا تىل تەربىيەسىنى ئائىلىدە چىڭ تۇتۇپ ئاساس سالغاندىن باشقا چوقۇم يېقىن ئەتراپتىكى ئانا تىل كۇرۇسلىرىغا ئەۋەتىپ كۈچەيتىش كېرەك. بالىلار ئادەتتە چوڭلاردىن ئەمەس بىر بىرىدىن ئاسان ۋە تېز ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇر بالىلىرى بىر يەرگە يىغىلغاندا تەبىئىيلا ئانا تىل موھىتى شەكىللىنىپ ئۆزلىگىدىن سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا ئانا تىل كۇرۇسلىرىنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك. بالىلارنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ئانا تىل كۇرۇسلىرىدا ئۇيغۇرچە قولھۈنەر، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئاشپەزلىك قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىشمۇ بالىلارنىڭ ئانا تىلنى تېخىمۇ پۇختا ئىگىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئامىلدۇر.

ئانا تىلنى مەشرەپ ۋە جامائەتچىلىكتە جارى قىلىش دېگەنلىك بالىلارنى جامائەت سورۇنلىرىدىن، ئويۇن-مەشرەپ، ھېيت-بايرام، ئۆلۈم-يېتىم، توي-تۆكۈن ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەردە يۈرەكلىك سۆزلىتىپ كۆندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ھەممە جامائەتچىلىك ئىچىدە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشقا،

پىدايىلىق خىزمەتلىرىدە بولۇشقا، خەيىر ئېھسان قىلىشقا، خالىس تۆھپە قوشۇشقا رىغبەلەنتلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق سورۇنلاردىكى كەيپىيات ئارقىلىق بالىلىرىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە يوسۇن ۋە قىممەت قاراشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ. جامائەتچىلىك ئېچىدە ھس قىلىنىدىغان ھەمدەملىك، ئورتاقلىشىش ۋە خالىسانىلىك ئارقىلىق ساغلام مىجەز يېتىلدۈرىدۇ. ئاۋامغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق رەھبەرلىك، تەشكىللەش، ھەمكارلىق ۋە دوستلىشىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەردە ئانا تىل ئومۇمىيۈزلۈك ۋە يۇقۇرى سەۋىيەدە قوللىنىلىدىغان بولغاچقا بالىلار ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنىڭ موھىملىقىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىپ باقمىغان سۆزلەرنى قوللىنىدۇ ۋە ئۆگىنىۋالىدۇ.

### 3. ئانا تىلنى قوغداش تەدبىرلىرى

ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا ئانا تىلنى قوغداش ۋە ساقلاپ قېلىشتىكى تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە بولۇشى مۇمكىن. بىرى ئانا تىل كۇرۇسلىرىنى ئېچىش، ئانا تىل مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش، ئانا تىل لاگىرى تەشكىللەش. ئانا تىل ئۆگىتىلىدىغان كۇرۇسلاردا ئەگەر ئوقۇغۇچىلار 13 ياشتىن تۆۋەن بولسا بالىلارغا ئاساسلىقى يېزىشنى ئەمەس، يادىلاشنى، تونۇشنى ۋە ئوقۇشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. دەرستە پات-پات ئۇيغۇرچە ئىنتۇت، دراما، قىسقا فىلىم قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ بالىلارنى ئۇيغۇرچىدىن ھوزۇرلاندۇرۇش كېرەك. 13 ياشتىن يۇقۇرى بالىلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل داستانلىرى، رومانلىرى، دېراممىلىرى، تارىخى شەخسلىرى ھەققىدىكى ھىكايىلەرنى ئاۋۋال سۆزلەپ بېرىپ قىزىقتۇرۇش كېرەك. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئاز ئازدىن ئوقۇپ بېرىپ ئۇلاردا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش مۇددىئاسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئوقۇلغان كىتابلارنى قايتا ئۇيغۇرچە بايان قىلىپ بېرىشكە ئېھام بېرىپ كۆپرەك ئۇيغۇرچە سۆزلىتىش كېرەك. ئاندىن ئۇلارغا ساۋات چىقىرىشنى كومپىيوتېردا خەت باستۇرۇش، ئۇيغۇرچە قول كۆندۈرۈش ۋە ساۋات چىقىرىشقا دائىر يۇمشاق دېتاللارنى ئۆگىتىشنى سىناپ بېقىش كېرەك. قىسقا فىلىملەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ خەتلىك ئىشلىتىش، قىسقا كىنو ئىشلىتىش، دراما ئوينىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ مەشغۇلاتلاردا تېمىلار ئۇيغۇر تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىدىن تاللانسا پەرزەنتلەردە ئۇيغۇرچە روھ يېتىلدۈرۈشكىمۇ بولىدۇ .

ئىككىنچىدىن بالىلارنى ۋەتەنگە ياكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان

دۆلەتلەرگە قەرەللىك يوللاپ ياكى ئېلىپ بېرىپ زىيارەت قىلدۇرۇش كېرەك. بوۋا-مومىلارنى ۋەتەندىن تەكلىپ قىلىپ بىللە تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنى بالىلار بىلەن بىللە ساياھەتكە ئېلىپ چىقىشمۇ ئەلۋەتتە ياخشى. ئۇيغۇرلار كۆپرەك قوللىنىۋاتقان ئۈندىدار، ۋىبەر، لايىن، ۋاتسئاپ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ بالىلارنى ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرى بىلەن پىكىر، بىلىم ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان شارائىتقا ئىگە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنداق ئىمكانىيەت تاپالمىغاندا بالىلارنى تۈركلەر رايونلىرىغا ئاپىرىش، ئۇيغۇرچىغا ئىمكان بولمىسا تۈركچە كۇرۇسلارغا بېرىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرچىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندىن تۈركچىنى بولسىمۇ ساقلاپ قالسا ئۇيغۇرچىغا قايتمىقى باشقا يات تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا قايتمىقىدىن ئاسان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، قەرەللىك مەشرەپ، يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ بالىلارنى بىللە قاتناشتۇرۇش كېرەك. ئاتا ئانىلار مەخسۇس چوڭلارغا خاس تېمىدا يىغىلىش قىلغاندا چوقۇم بالىلارغا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم، بىللە ئوينايدىغان يەر، مەشغۇل بولىدىغان ئويۇن بولۇشى كېرەك. مەسئۇل كىشى ئويۇندىكى تەلەپ، مەقسەت دېگەنلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ پىلانلىق ئىش قىلىشى، ئويۇن چوقۇم ئانا تىلدا، بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، چۆچەك-قوشاق ئېيتىش، تېپىشماق تېپىش، يۇمۇر سۆزلەش دېگەندەك. بۇندىن بالىلارغا پۇتبول، سەنئەت، كۆرگەزمە قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپ بۇنى قەرەللىك داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. بۇنداق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشنى بالىلارغا تەدرىجى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تېخىمۇ ياخشى.

تۆتىنچى، دىندىن ساۋات بەرگەندە چوقۇم ئايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى قوشۇپ يادىلىتىش كېرەك. بالىلارغا ئاۋۋال پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەر ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى، ئۇيغۇرلارنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغان سالىھ كىشىلەرنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ، ئالىملارنىڭ ھاياتى تېما قىلىنغان قىسسەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ بالىلاردا دىنغا مۇھەببەت شەكىللەندۇرۇش، ئاندىن بۇنىڭغا قىستۇرۇپ قىسقا-قىسقا ئايەتلەرنى ئۇيغۇرچىسى بىلەن قوشۇپ يادىلىتىش كېرەك. بۇ سىناقتىن ئۆتكەن ئۇسۇل بولۇپ، دەل يەھۇدىلارنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدۇر. مەنچە ھەممىمىز ھەممە يەردە بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشنى قانچە بۇرۇن باشلىساق ۋە ئىزچىل داۋام قىلساق شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

بەشىنجى، ئۇيغۇر بالىلارنىڭ يەرلىك ۋە دۇنياۋىي ئالاقە تورىنى قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىش كېرەك. بىر رايوننى، دۆلەتنى ۋە ياكى بىر قىتئەنى بىرلىك قىلىپ، ۋە ياكى پۈتۈن دۇنيانى بىرلىك قىلىپ ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئالاقە تورىنى، دوستلۇق مەركىزىنى ۋە ھەمكارلىق سۇپىسىنى بەرپا قىلىش نۆۋەتتە مۇھاجىرەتتىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى قوغداشتىكى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئۇل سېلىشتىكى موھىم تەدبىردۇر. قەرەللىك ھالدا ئۇيغۇر بالىلار لاگىرى تەشكىللەش، ئانا تىل ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرچە يېزىچىلىق مۇكاپاتى تەسىس قىلىشمۇ تامامەن مۇمكىن بولغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇندىن باشقا مەخسۇس ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئانا تىل، دىن، ئۆرپ –ئادەت ۋە تارىخ ئۆگىنىدىغان مەخسۇس بىر تور بېتى، تور دەرسخانىسى ۋە ئەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ زۆرۈرىيەتتۇر.

كۆزىتىشىمچە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلنى ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداشتىكى تىرىشچانلىقلىرىدا مۇنداق مەسىلىلەر ساقلىنىۋېتىپتۇ:

بىرىنچى، ئىزچىل بولماسلىق. دۇنيادىكى شۋېتسىيە، گېرمانىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئانا تىل كۇرۇسلىرى بار ئىكەن. بۇلاردىن بىراز ئىزچىل داۋاملاشقىنى ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، گوللاندىيە ۋە تۈركىيەلەردە ئىكەن.

ئىككىنچى، كەسپى ئوقۇتقۇچى بولماسلىق. كەسپىي ئوقۇتقۇچى بولماسلىق ئانا تىل كۇرۇسلىرىنىڭ ئىزچىل بولماسلىقىدىكى بىر سەۋەپ. كەسپى ئوقۇتقۇچى بولغان تەقدىردىمۇ دەرسلەرنى ۋەتەندە كۆنگەن قېلىپ بويىچە ئوقۇتقۇچى ھۆكۈمران، ئوقۇغۇچى ئەگەشمە بولىدىغان، ئوقۇتقۇچى قاتتىق قول، ئوقۇغۇچى يۇمشاق قۇلاق بولىدىغان كونا پەددە ئۆتۈلىشىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن. دىن ۋە ئانا تىل دەرسىنىڭ زېرىكىشلىك ۋە كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا بولۇشى سەۋەبلىك غەرپنىڭ ئىلغار مائارىپىدا تەربىيە كۆرۈۋاتقان بالىلار قوبۇل قىلالمىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن.

ئۈچىنچى، مۇكەممەل دەرسلىك بولماسلىق. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىدىغان ۋە چىققان ساۋاتنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر دەرسلىكنىڭ بولماسلىقى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ساۋات چىقىرىدىغان كىتاب بولغان بىلەن كۈچەيتىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغان

كىتاب يوق ئىكەن. ساۋات چىقىرىدىغان كىتاپمۇ چوڭلارنىڭ ئىددىيەسى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ باللارنىڭ يېشى، پسىخىكسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئويلىشىلمىغان ئىكەن.

مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچ ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ. چەتئەلدە ياشىغان بىرىنچى ئەۋلاد يازالايدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ. ئىككىنچى ئەۋلاد ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدۇ، ئەمما ئاساسەن ئوقۇيالمايدۇ، يازالمايدۇ. ئۈچىنچى ئەۋلاد ئاساسەن ئانا تىلدىن مەھرۇم تىلسىز ئۇيغۇرغا، ئىرقىي ئۇيغۇرغان ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيەگە ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادى ئۇيغۇرچە بىلمىگەنلىكتىن ئۇيغۇر دۇنياسىدىن ئۈزۈلۈپ قالماقتا. شۇڭا ئانا تىلنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە قوغۇداش مەسىلىسى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ بۆلگەندەك كۆيۈنىشى كېرەك بولغان ئىستىراتىگىيىلىك مەسىلە، ۋارىسلىق مەسىلىسى، ھايات ماماتىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئەجەللىك مەسىلە. ئانا تىل داۋاسى بىزنىڭ باشقا داۋادا قانچىلىك سەممىي، كەسكىن ۋە ئىزچىل ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدىغان بەلگىدۇر. مەنچە نۆۋەتتە ئانا تىلغا كۈچ چىقارمىغان، پەرزەنتىگە ئۇيغۇرچە ئۆگەتمىگەن، ئۇيغۇرچە ئانا تىل كۇرۇسلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئىستىقبالىغا ئىشەنچى بار يوقلۇقى گۇمانلىق.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلغۇم كېلىدۇ.تىلنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۇيغۇر ئۈچۈن مىللەتنىڭ، دىنىنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىدۇر. مەدەنىيىتى يوقالغان ئۇيغۇرنىڭ پەقەت ئىرقى ۋە ئىسمى ئۇيغۇردۇر خالاس. ئۇلار پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىسمىغا ۋارىسلىق قىلغانلاردۇر. ئەگەر مەۋجۇدلۇقىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز دېسەك، ئانا تىلنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلگىنىمىز ياخشى. چۈنكى بىز ئانا تىلنى يوقۇتۇپ ئەقىدىلىك، بەختلىك، خاتىرجەم بىر ئائىلىدە ياشىيالمايمىز. ئانا تىلسىز ئىچىمىزدىن ئېچىلىپ سىرىدىشالايدىغان ئىناق، مۇڭداشقاق، كۆيۈمۈك دوستلارنى تاپالمايمىز. ئانا تىل سۆزلەنمىگەن ئۆيدە سالاھىيەتلىك ئەر، ھۆرمەتلىك دادا، لاياقەتلىك ئانا بولالمايمىز. ھاياتنىڭ كۈز پەسلىدە، ئۆمرىمىزنىڭ ئىززەتكە تەشنا مەزگىلىدە تەلەيلىك چۈچەكچى بوۋا، ئالقىشلىق ئەللەيچى موما بولالماي يالغۇزلۇقتا قىينىلىمىز، يات ئەلدە مىسكىنلىك ۋە غېرىپلىققا مەھكۇم بولىمىز.

ئانا، دادا، سىلەر مېنىڭ ئەڭ ئېسىل
ئوقۇتقۇچۇم!

# ئۇيغۇر ئاتا

ئاسمجان ئوبۇلقاسىم



سېنىڭ قەلبىڭدىكى تۇيغۇ بىر ئۆمۈر سۆيمەك، ھەتتا ئاياپ دەسسەيسەن يەرنى. سۇندۇرمايسەن بىر تال جىرىمنى. پەپلەيسەن ھەر بىر گىياھنى. بىسمىللاھ دەپ ئىچىسەن سۇنى. ئۆزۈڭ يالغۇز بىر نان يىمەيسەن لېكىن مۇھەببىتىڭنى بىلىندۇرمەيسەن. سۇدەك ئاقىسەن، توپىدەك توزۇيسەن، شامالدەك ئۇچۇپ يۈرسەن، بۇرنۇمغا ھەمىشە قىزىل ئالمىدەك پۇرايسەن. ئاھ، مېھرىبان دادا قەلبىڭدە يانغا شۇنچە مۇھەببەتكە، ئوتقا قانداق چىدايسەن؟!

# تەلكە

تەلكە تاغلىرى دەيدۇ،
يوللىرىدا ئادەم يوق.
قارىغايلىرى كېسىلگەن،
بۇلاقلىرى قۇپ-قۇرۇق.



تەلكە ئۈستىگە چىقسام،
سايرامغا ئاقاي دەيمەن.
سۈيىدە تېنىم يايراپ،
باغرىمنى ياقاي دەيمەن.

## سايرام

مەمتىلى تەۋپىق

سايرام كۆلى ئۆزەڭ كىچىك،دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن،ساھىللاردىن ئاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار ،
ئۈمتۈلسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.

1921-يىلى (بورتالا)



# نۇزۇگۇم قوشاقلىرى




خەير- خوش ، دەرتمەن دادا ،
غەمگۇزارىم ياخشى قال .
كۆزلىرىم ئاقۇ قارىسى ،
تەندە جانىم ياخشى قال .

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن ،
يارۇ دوستلار ياخشى قال .
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ،
قەشقەر شەھرىم ياخشى قال .